ISSN1004—3829

# مىراس



MIRAS

...ته تفقات ئىلمي جه مئيىتى

ته شىر قىلدى ...تىه نئه تچله ر جه مئيىتى

## «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 12 كىتابنىڭ تۇنجى نەشرىدىن چىقىش ۋە تارقىتىش مۇراسىمىدىن كۆرۈنۈشلەر

فالڭ ۋېجۇن فوتوسى








# ميراس

(پەسىللىك ژۇرنال)

ھەر پەسىلنىڭ ئوتتۇرا ئېيىنىڭ
20-كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

1994-يىل
2-سان
(ئومۇمىي 32-سان)


## «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 12 كىتابىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان

## مۇندەرىجە

### بىباھا گۆھەر — ئون ئىككى مۇقام

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 12 كىتابىنىڭ تۇنجى نەشىردىن چىقىش ۋە تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆزلەر


تۆمۈر داۋامەتنىڭ يازما سۆزى ................................ (1)
ھامىدىن نىيازنىڭ سۆزى ................................ (3)
يۈسۈپ ئەيسانىڭ سۆزى ................................ (4)
فېڭ داجىننىڭ سۆزى ................................ (6)
مەھەممەت ئىسمايىلنىڭ سۆزى ................................ (7)

ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى فوندى ھەيئىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىسملىكى ................ (5)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى فوندىغا پۇل ئىئانە قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسملىكى ................ (12)

تارىخىي بۇرچىمىز ................................ مەتىمىن يۈسۈپ (10)
ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرى توغرىسىدا ................................ ئىمىن تۇرسۇن (17)


### بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


گۆھەرنى قانداق قىلىش كېرەك ................ توپلىغۇچى: ۋاھىتجان ئوسمان (26)
بەگ ئوغلى بىنارى ................ توپلىغۇچى: تۇرانقىز ئابدۇراخمان (32)
ئۈچ تاز ................ توپلىغۇچى: مەھەممەت تۇرسۇنجاپپار (43)
پادىشاھ ئازادى مېھرى بىلەن مەلىكە زىبا چېھرى ۋە سېپىت ھېزىمكەشلەرنىڭ ھېكايىسى ................ توپلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا (67)

### ئايدىڭ كېچىلەر

ئايۋانىڭدا ئاي ساندۇق ...................... توپلىغۇچى: م. ئىسمائىل، ئا. ئابدۇراخمان (46

### ئۈنچىلەر تىزمىسى

سادىق تۇيتەللە ................................ توپلىغۇچى: مەمتىمىن قۇربان (30

### يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

مۇكاپات ۋە جازا رىۋايىتى ...................... توپلىغۇچى: ئابدۇكېرىم ئەخمىدى (42)
رىۋايەتلەر .......................................................................... (63)

### ئاتىلار سۆزى

ماقال-تەمسىللەر .............................................................. (60)
ماقال-تەمسىللەر .............................................................. (61)

### كۈلكە — جان ئوزۇقى

مەتسىدىق مەترېھىم لاپ-لەتىپىلىرى ............ توپلىغۇچى: م. ئىسمائىل، ئا. كېرىم (49)

### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش ..............
.......................................................................... قۇربان نىياز (51)
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش ..................
.......................................................................... راھىلە داۋۇت (77)

### يول ماڭسا ئىز قالار

فارابى ........................................................ رەتلىگۈچى: ئا. راخمان (87)
ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ............................ رەتلىگۈچى: ئا. راخمان (92)

### ئادەم قۇلاقتىن سەمىرەر

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 12 كىتابىنىڭ تۈنجى نەشرىدىن چىقىش ۋە تارقىتىش
مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ................................................... (93)



باش مۇھەررىر: **ئابلىمىت سادىق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: **ياسىن زىلال**
مەسئۇل مۇھەررىر: **ۋاھىتجان ئوسمان**

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**

**مەمتىمىن يۈسۈپ** (تەتقىقاتچى)، **قەييۇم تۇردى** (بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى)، **ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر** (تەتقىقاتچى)، **ئىبراھىم مۇتىئى** (تەتقىقاتچى)، **ئىمىن تۇرسۇن** (ئالىي مۇھەررىر)، **شەرىپىدىن ئۆمەر** (پروفېسسور)، **ئابلىمىت سادىق** (ئالىي مۇھەررىر)، **ئابدۇكېرىم راخمان** (پروفېسسور)، **قادىر ئەكبەر** (تەتقىقاتچى)، **مەتروزى تۇرسۇن** (بىرىنچى دەرىجىلىك كومپوزىتور)، **ياسىن زىلال** (مۇھەررىر)، **راھىلە داۋۇت** (ماگىستىر)

# «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 12 كىتابىنىڭ تۇنجى نەشىردىن چىقىش ۋە تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆزلەر

## تۆمۈر داۋامەتنىڭ يازما سۆزى

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىۈەنجاڭى)

يولداشلار، دوستلار!

بۈگۈن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەرەققىيات تارىخىدىكى خاسىيەتلىك بىر كۈن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تەرەققىيات تارىخىدىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن. چۈنكى بۈگۈن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خەلقئارالىق نوتىسى ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىدىن رەتلىنىپ، ئاممىبابلاشتۇرۇلغان تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن 12 كىتابى تولۇق نەشىر قىلىپ تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ بىر شانلىق تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشتا ھەر مىللەت ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرى زېھنى كۈچىنى سەرپ قىلىپ، جاپالىق ئىشلىدى. مۇقامچىلار ئون ئىككى مۇقامنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا خالىسانە تۆھپە قوشتى. ئون ئىككى مۇقام كىتابلىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشى ۋە تارقىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدىكى زور خۇشاللىنارلىق ئىش. بۇ ناھايىتى ئوبدان بولدى. بۇنىڭغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

بۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردە ئالاھىدە نەتىجە يارىتقان، تۆھپە قوشقان مۇتەخەسسىس-ئالىملارغا، مۇقامچىلارغا، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرگە، نەشرىيات خادىملىرىغا ئالىي سالىمىنى يوللاش بىلەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

«شەرق مۇزىكا سەنئەت گۆھىرى» دەپ ئاتالغان ئون ئىككى مۇقام مەدەنىيەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراستۇر. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان-شەرىپى، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ غۇرۇرى. ئون ئىككى مۇقام جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان بىباھا گۆھەر. ئۇ ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە شاھانە قامۇس.

تۇردى ئاخۇن قاتارلىق مەشھۇر مۇقامچى ئۇستىلار بىزگە قىممەتلىك ئون ئىككى مۇقامنى قالدۇرغان. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشتا ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلغان بولساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يۈرۈشلەشكەن ۋە سىستېمىلاشقان كىتابى تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ تەرەققىيات خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. «ئەمەلىيەت بىرىنچى». بىز بىردەك ئىنتىلىپ، قۇرۇق گەپنى قويۇپ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىپ، دەۋرىمىزگە پايدىلىق، ئەۋلادلىرىمىزغا بەخت يارىتىپ بېرىدىغان ئەمەلىي

ئىشلارنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

بىز بۈگۈنكىدەك «ئۈچ بىرلەشتۈرۈلگەن» يەنى، مۇقامنىڭ خەلقئارالىق نوتىسى، رەتلەنگەن تېكىستلىرى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ھەممىمىز تەشنا ۋە تەقەززا ئىدۇق. بۇ ئارزۇيىمىز بۈگۈن ئەمەلگە ئاشتى.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ 12 كىتابى بۈگۈن ئاشكارا تارقىتىلدى. بۇ ئىشنىڭ ياخشى باشلىنىشى.

فوند ھەيئىتىنىڭ پىلانى بويىچە ئون ئىككى مۇقامغا دائىر يەنە 20 كىتاب، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئۇيغۇرچە 30 كىتاب، خەنزۇچە 10 كىتاب چىقىرىلماقچى، ئون ئىككى مۇقامغا دائىر 12 تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلەنمەكچى. بۇ مۇشكۈل، شەرەپلىك ۋەزىپىدۇر. يولداشلار داۋاملىق تىرىشىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئىشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى كېرەك.

ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ فوند ھەيئىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. بۇ نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. فوند ھەيئىتىنىڭ ئىشلىرىغا كۈچىمىزنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

فوند ھەيئىتى ئۆز ئىشىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا ئون ئىككى مۇقام ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا تېخىمۇ مول نەتىجە يارىتىشىڭلارغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ھەممىڭلارغا رەھمەت!

1994-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنى

(بېشى 3-بەتتە)

ئەجىر سىڭدۈرۈش — ئەقىل-پاراسىتىنى تەقدىم قىلىش بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش، يار-يۆلەكتە بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى فوند ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق قوللىشىمىز، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن يار-يۆلەكتە بولۇشىمىز لازىم.

ئالىم-تەتقىقاتچىلىرىمىز يەنىلا قېتىرقىنىپ ئىشلىسۇن، تەتقىق قىلسۇن، ئىجاد قىلسۇن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلار ئۇلارنى قىزغىن قوللايلى، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەيلى.

ئىقتىسادىي ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ئورۇن ۋە شەخسلەر يەنىلا سېخىيلىق، مەردانىلىق بىلەن قوللايلى، يار-يۆلەكتە بولايلى، فوندى ھەيئىتى كۈچەيسۇن، قۇدرەت تاپسۇن، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان يېڭى-يېڭى پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرسۇن. قىسقىسى، ھەممىمىز قوللايلى، مەدەتكار بولايلى.

رەھمەت سىلەرگە!

# ھامىدىن نىيازنىڭ سۆزى

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)

يولداشلار ۋە دوستلار!

مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بۇ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 12 كىتابىنىڭ بىراقلا نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقىنى ئالقىشلايمەن. بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتىنى ۋە ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرىنى تەقدىم قىلغان ئالىم-تەتقىقاتچىلىرىمىزغا، جاپاكەش مۇقامچى-سەنئەتكارلىرىمىزغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ماددىي جەھەتتىن قىزغىن قوللاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىختىيارىي ئىئانە قىلغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ئاپىرىن ئوقۇيمەن.

مۇئاۋىن ۋەيىيۈەنجاڭىمىز تۆمۈر داۋامەت ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى فوندى ھەيئىتى قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلەرگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. مەن مۇئاۋىن ۋەيىيۈەنجاڭ تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمەن.

يولداش تۆمۈر داۋامەت بىلەن يولداش يۈسۈپ ئەيسا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەندەك، ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئالاھىدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۈگۈن نەشىردىن چىقىپ تارقىتىلغان 12 كىتاب بۇنىڭ يىمىرىلمەس پاكىتى.

بۇ كىتابلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭغا ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇكەممەل خەلقئارا نوتىسى، رەتلىنىپ ئۇچۇقلاشتۇرۇلغان-راۋانلاشتۇرۇلغان تېكىستلىرى بىلەن بۇ تېكىستلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. بۇ كىتابلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تەۋرۈك مىراسلىرىنى قەدىرلەيدىغان ھەرقانداق كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ، خوشال قىلىدۇ، ھاياجانلاندۇرىدۇ.

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى — ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان تەڭداشسىز ئۇلۇغ مۇزىكا قامۇسى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان بىباھا گۆھەر. بۇ گۆھەر يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلۇغ پايتەختىمىز سەھنىلىرىدە ئۆزلۈكسىز چاقناپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا مەملىكەتلىرى سەھنىلىرىدە شۇلا چېچىپ، جۇلالىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز ئۈچۈن زور شان-شەرەپلەر ئېلىپ كەلدى. بىز بۇ بىباھا گۆھىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىشكە، ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقمىز.

ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋرۈك مەدەنىي مىراسلار بىلەن پەخىرلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا يەنىمۇ نۇرلاندۇرۇش، جۇلالاندۇرۇش كېرەك. قۇرۇق گەپ بىلەن بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خالىسانە ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك.

(داۋامى 2-بەتتە)

# يۈسۈپ ئەيسانىڭ سۆزى

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

يولداشلار!

بۈگۈن بۇ يەردە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 12 كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. بايا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز مۇھىم سۆز قىلدى. مەن ھەر ئىككى رەھبىرىي يولداشنىڭ سۆزلىرىنى تامامەن قوللايمەن ھەم بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بۇ كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. بۇ كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە تارقىتىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان يولداشلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. فوندى جەمئىيىتىگە مەردلىك بىلەن بەس-بەستە پۇل ئىئانە قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

شەرق مۇزىكىسىدىكى ئەنگۈشتەر دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى — ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك تارىخىي مىراس. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قېزىش، رەتلەش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتتىن قوللاپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. پۈتكۈل جەمئىيەتمۇ بۇ خىزمەتنى قىزغىن قوللىدى. نەتىجىدە بۇ خىزمەتتە مول مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. مەيلى دۆلەت ئىچىدە بولسۇن، ياكى دۆلەت سىرتىدا بولسۇن ئون ئىككى مۇقام نومۇرلىرى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇقام ئۈن-سىن بۇيۇملىرى، مۇقام تەتقىقاتىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەرمۇ نەشر قىلىندى. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا، خەلقئارالىق نوتىسى، يېڭى رەتلەنگەن تېكىستلىرى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن 12 كىتابى نەشر قىلىندى. ئۇ دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنىسىدىن مۇھىم ئورۇن ئالىدۇ، بۇ ھەم ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، ئون ئىككى مۇقامغا دائىر خىزمەتلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر جەھەتتىن قوللايمىز. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭمۇ بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يولداشلار، ئۆتكەن بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى مۇقىم تەرەققىي قىلدى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا مۇھىم قەدەم تاشلىنىدىغان بىر يىل. ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىنىڭ ئالدىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇشكۈل ۋە ئېغىر ۋەزىپە تۇرۇۋاتىدۇ. بىز «ئىككىلا قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەملىكەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيىۋى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىغا بۇرۇنقىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قوللاپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇپ، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن كىشىلەرنى يېتىلدۇرۇش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىشتە، ئەدەبىيات-سەنئەت سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ۋە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن ئۇلغايتىپ، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرلىكتە قېرىنداش مىللەت ۋە دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت جەۋھىرىنىمۇ دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشكە جۇرئەتلىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، يۇقىرى سەۋىيىلىك بولغان بىر تۈركۈم ئەدەبىيات-سەنئەت نادىر ئەسەرلىرىنى تىزىشىپ ئىجاد قىلىشىمىز لازىم.

ئەدەبىيات-سەنئەت باغچىمىز رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەرگە پۈركەلگۈسى.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

1994-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنى

## ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى فوند ھەيئىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىسملىكى

مەھەممەت ئىسمائىل (فوند ھەيئىتىنىڭ باش مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى). مەتىمىن يۈسۈپ (فوند ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە باش كاتىپ، فوند ھەيئىتىنىڭ قانۇنى ۋەكىلى)، قۇربان نىياز (فوند ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى)، ئەھمەت ھاشىم (فوند ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو شىنجاڭ خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى)، تۇرسۇن سادىق (فوند ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، ئابلەت مەھەممەتجان (فوند ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، جى يافۇ (فوند ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى)، ئابدۇرېھىم (فوند ھەيئىتى مالىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى).

# فىكىر داجىنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى)

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش شىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ بۈگۈنكىدەك زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت چوڭ ئىشتۇر، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدىكى غايەت زور ئىشتۇر. بۇ ئىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچى خادىملار، سەنئەتچىلەر جاپا چېكىپ، نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى. مەن بۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

بۈگۈنكى بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن چېغىمىزدا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى مەسئەن، تۆمۈر داۋامەت، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەتلەرنىڭ بىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە قوللىغانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەشھۇر مۇقامچى ئۇستاز تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە 50-يىللاردا مۇقامنى نوتا بىلەن خاتىرىلەش يولىدا ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە ن تۇگۈشۈنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم.

نۆۋەتتە گەرچە بىز غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىقىمىز، بىر ئىزدا توختاپ قالماي داۋاملىق ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى رەتلەش، تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش بۇ ئاخىرقى مەقسەت ئەمەس، بەلكى ئېسىل تارىخىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كونىدىن يېڭىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى دەۋرگە خاس بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى بېيىتىش ۋە گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىزدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق ھارماي-تالماي تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

يولداشلار، دوستلار! يېڭى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى «ئېسىل ئەسەر بىلەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش». ئۇيغۇر مىللىتى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئېسىل مەزمۇنىدىن تەربىيە ئېلىپ، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈپ، جۇش ئۇرۇپ تۇرغان تىرىشچانلىقىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىچچۇۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە ئىشىنىمىز. ۋەزىپە ئېغىر، يول ئۇزاق. يولداشلارنىڭ كېلىچەكنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۈزۈلمەستىن داۋاملىق كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى فوند ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىدىن خۇلاسە ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر

## مەھەممەت ئىسمائىل

(فوند ھەيئىتىنىڭ باش مۇدىرى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قانۇنىي رەسمىيەت بويىچە قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق.

ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ فوند ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن بېرى ئىشلىگەن خىزمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. فوند ھەيئىتى قۇرۇلغان بۇ بىر يىل ئىچىدە ئىئانە توپلاش ئۈچۈن نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، زاۋۇت، كانلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ 327 ئورۇن، 241 نەپەر ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن سۆزلەشتۇق. 29 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ماڭدۇق. ھەرقايسى جايلاردا ئىئانە توپلاش ئۈچۈن 154 قېتىم چوڭ-كىچىك سۆھبەت، تەشۋىقات يىغىنلىرىنى ئاچتۇق ۋە بۇ يىغىنلاردا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسى ئۈچۈن ئىختىيارىي ئىئانە توپلاپ ياردەم بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يۈكسەك روھنى كۆردۇق.

مۇشۇنداق ئىختىيارىي ئىئانە توپلاشتەك قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە بىز ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرى بولۇپ، ئالتە ئورۇندا فوند ھەيئىتىنىڭ شۆبە ھەيئەتلىرىنى قۇردۇق. مۇشۇ جەرياندا فوند ھەيئىتىمىزگە ئىختىيارىي ھالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىئانە قىلغان پۇلى 1 مىليون 321 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئون ئىككى مۇقام ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىختىيارىي ياردەم قىلغان 97 ئورۇن ۋە شەخسلەرگە ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىكى 376 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر نامىدىن، شۇنداقلا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مىڭلىغان ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقات خادىملىرى نامىدىن، ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن تەشەككۈر ۋە رەھمەت ئېيتىمىز.

2. فوند ھەيئىتىمىزنىڭ مۇراجىئەتنامىسى، نىزامنامىسى، ئىئانە قىلغانلارغا بېرىلىدىغان شەرەپ گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، 25 مىڭ نۇسخا باستۇرۇپ مەلۇم دائىرىدە تارقاتتۇق، مۇشۇنداق تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى

تارقاتقانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى زور بولدى.

3. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىدىن 10 مىڭ نۇسخا، يەكەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى توغرىسىدىكى كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىسىدىن 10 مىڭ نۇسخا نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتۇق.

4. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئۇيغۇرچە خەنزۇچە ئىشلەپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ۋە سەنئەت ماھارىتىنى تېلېۋىزىيە ئارقىلىق دۆلەت ئىچى-سىرتىغا كەڭ تەشۋىق قىلدۇق. بۇ فىلىمنىڭ خەنزۇچىسىنى ۋە ئون ئىككى مۇقامغا دائىر تارقاتقان خەنزۇچە كىتابلارنى كۆرۈپ ئون ئىككى مۇقامنىڭ مەزمۇن ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بىر تۈركۈم خەنزۇ رەھبىرىي كادىرلار بۇ ئىشىمىزنى قوللاپ، ئىختىيارىي ھالدا ئىئانە قىلدى ۋە داۋاملىق ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

5. ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەمەللەشتۈرۈش مەقسىتى بىلەن، بۇ يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر 32 پارچە كىتابنى يېزىپ چىقىپ، نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن 51 نەپەر ئاپتور بىلەن توختام تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات خىراجىتىنى بەردۇق.

6. ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 11قېتىم ئۇيۇشتۇرغان ھەرخىل سۆھبەت، ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىغا دائىر مۇزاكىرە ۋە خىزمەت يىغىنلىرىنى، ئەزالار يىغىنلىرىنى ئاچتۇق.

7. ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھەربىرىگە بىردىن 12كىتاب چىقىرىش ئۈچۈن ئىلمىي جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭ خەلقئارا نوتىسىنى ئىشلەپ چىقتۇق ۋە ئۇنى مەركىزىي مۇزىكا سەنئەت ئاكادېمىيىسى ۋە بېيجىڭدىكى خەلقئاراغا تونۇلغان نوتا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ-باھالىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېلېكترونلۇق تېخنىكا ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئون ئىككى مۇقامنى ئەسلى تارىخىي تېكىستلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا قايتىدىن رەتلەپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەدەبىي، ئىلمىي، تارىخىي جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، نەشردىن چىقىرىپ، بۈگۈن ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردۇق.

8. يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ يەكەن يىغىنى توغرىسىدىكى تەستىقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باۋۇدۇن باشچىلىقىدىكى يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىقتۇق. يەكەن تارىخىدا 1-قېتىملىق ئون ئىككى مۇقامغا دائىر تارىخىي خاتىرە كۆرگەزمىسىنى ئاچتۇق. ئۇيغۇر نەققاشچىلىقىنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن بېزەلگەن ئون ئىككى مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھىنى قايتىدىن ياساپ چىقتۇق. ئالتە كۈن ئېچىلغان يەكەن يىغىنىغا، بېيجىڭ ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 217 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى. ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇش،

ئامانىنساخان ھەيكىلىنىڭ ۋە قەبرىگاھىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق. ئامانىنساخاننىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا ئىختىيارىي ھالدا سىرتتىن قاتناشقان 70مىڭغا يېقىن ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئىشتىن تولىمۇ رازى بولدى.

9. ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى نامىدىن 1993-يىل 9-ئاينىڭ 24دىكۈنى بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتۇق.

**1994-يىلى ئىشلەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلەر:**

1. دولان مۇقامى توغرىسىدا بىرىنچى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

2. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ئىشلىنىدىغان 30 پارچە كىتاب ئەمىلىلەشتۈرۈلىدۇ.

3. ئون ئىككى مۇقامغا دائىر يېزىلىپ تەييار بولغان 10پارچە كىتاب ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن نەشرگە بېرىلىدۇ.

4. كلاسسىك ئەدەبىيات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

5. بۈگۈن تارقىتىلغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ 12 كىتابى ئىنگلىز، ياپون، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ.

**فوند ھەيئىتىمىزنىڭ بىر يىللىق كىرىم-چىقىم ۋە ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:**

فوند ھەيئىتىمىز شىمالىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى دائىرىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلاردىن بىر تىيىنمۇ پۇل ئالمىدى. پەقەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نازارەت، ئىدارە، كارخانا، ئىجتىمائىي-ئاممىۋى تەشكىلات، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە شەخسلەردىن توپلىغان ئىئانە پۇل 1مىليون 321 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان توققۇز جەھەتتىن ئىشلەنگەن خىزمەت ۋە تەتقىقات ئۈچۈن، يەنى كەسپىي قۇرۇلۇش، ئىلمىي تەتقىقات، كىتاب چىقىرىش، تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش، تەشۋىقات، فوندى يىغىش خىزمەتلىرى قاتارلىقلار ئۈچۈن بىر يىلدىن بۇيان بولۇنغان ئومۇمىي چىقىم 651 مىڭ 141 يۈەن بولدى. ھازىر فوند ھەيئىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان پۇل 700 مىڭ يۈەن.

فوند ھەيئىتى قانۇنلۇق ھالدا رەسمىي قۇرۇلۇش بىلەن مالىيە تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەخسۇس مالىيىنى باشقۇرىدىغان بىر نەپەر مۇدىر، بىر نەپەر بوغالتىر، بىر نەپەر كاسسىر، بىر نەپەر ھېساباتلارنى تىزىملاش خادىمى قويدۇق. ھەرقانداق چوڭ-كىچىك كىرىم-چىقىمغا دائىر ھۆججەت، تالونلارغا بۇ ئۈچ كىشى يەنە باش كاتىپ بولۇپ تۆت كىشى قول قويىدۇ، بۇ تۈزۈمنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتىمىز.

فوند ھەيئىتىمىز ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا كېتىدىغان 11 مىليون يۈەن پۇلنىڭ ھەر جەھەتتىن ھەل قىلىنىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن ھەم ئىلمىي، ھەم تارىخىي ۋەزىپە، شۇڭا بىز بۇ ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيمىز.

# تارىخىي بۇرچىمىز

## مەمتىمىن يۇسۇپ

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)

ئۇيغۇر خەلقى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مول مەدەنىيەت بايلىقىغا ئىگە. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەنە شۇ مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى. بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپە، مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغان بىباھا گۆھەرلەر.

بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئەسىرلەر مابەينىدە تولۇقلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، بەزىلىرى ئاغزاكى، بەزىلىرى يازما ھالەتتە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ ۋە قېلىپ، بىزگىچە يېتىپ كەلدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم قىممەتلىك خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت بايلىقلىرىمىز قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر ئون ئىككى مۇقام بۈنى دەۋرىمىزگىچە تولۇق يەتكۈزۈپ كەلگەن تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا سىنغا ئېلىنىپ ساقلاپ قېلىنمىغان بولسا، ھازىر ئون ئىككى مۇقامنىڭ تولۇق ۋارىيانتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى، شۇنداقلا كەلگۈسى ئەۋلادلارغىمۇ يۈز كەلەلمىگەن بولاتتۇق. ئەمما ئەينى چاغدىكى تونۇشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولۇپ كەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى شەرت-شارائىتلىرىمىزنىڭ تولۇق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەدەبىيات-سەنئەتلىرىمىز جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار قىلىنماي قالغانىدى. بولۇپمۇ ئەلگە ئېغىرى شۈكى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە نۇرغۇن مەدەنىيەت بايلىقلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ۋە نابۇت قىلىندى، نۇرغۇنلىغان خەلق سەنئەتكارلىرى دەپسەندە قىلىندى. پەقەت پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. خەلقئارالىق نوسخا، تېكىستى، خەنزۇچە تەرجىمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ 12 كىتابىنىڭ نەشردىن چىقىشى مانا بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىسپاتى. بىراق بۇ جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار يەنىلا نۇرغۇن.

ئون ئىككى مۇقام، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، ئۇنىڭغا توغرا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەنگەن شەرەپلىك تارىخىي بۇرچ. بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىلەرنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىمىز كامىل. چۈنكى بىز ھازىر ھەرقانداق تارىخىي پەيتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى شەرت-شارائىتلارغا، يەنى پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى توغرا فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە، ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت جۇشقۇن ۋەزىيەتكە، ئەۋزەل تېخنىكىۋى شارائىتلارغا، بولۇپمۇ بۇ ساھەدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە ھەۋەسكارلار ھەمدە ئۆزىدە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مۇقام ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇقامچىلار، ئەلنەغمىچىلەر، خەلق ئەدەبىياتچىلىرى قوشۇنىغا، شۇنداقلا مول يازما ماتېرىيال بايلىقلىرىغا ئىگە بولدۇق.

ھەربىر خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىسىنى بىر قىسىم ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىنى ئۆزىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان خەزىنە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرمۇرسى ئالەمدىن ئۆتسە، مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىن بىر قىسىم بايلىق تەڭ يوقايدۇ. نۇرغۇن خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىمىز ياشىنىپ قالدى. شۇڭا ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئۇلار بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن بۇ بايلىقلاردىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردە، ئالىي مەكتەپ، موزېي، كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ھەر خىل كىتاب، قولىيازمىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەت ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىلا ساقلىنىۋاتقان 5000 پارچە كىتاب ۋە قولىيازما بار. ئەگەر گوۋۇيۈەنىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆججەت، يولىيۇرۇقلىرىنىڭ روھى بويىچە، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن بۇلارنىڭ ئارخىپتا ساقلاش، تەتقىقات ئۈچۈن پايدىلىنىش، ئوچۇق نەشىر نۇسخىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل نۇسخىسىنى تەييارلاشقا توغرا كەلسە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ بىر يىلدا 100 پارچىسىنى ئىشلىيەلىسەك 50 يىل كېتىدۇ. مانا بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنىڭ بىر دەلىلى.

يولداش ماۋزېدۇڭ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتىنىڭمۇ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىدىن ئۆسۈپ چىققانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىملىقىنى، تارىخنى ئۈزۈپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئەمما، بۇنداق ھۆرمەت قىلىش قەدىمكىنى ھۆرمەتلەش ۋە ھازىرقىنى ئەيىبلەش ئەمەس، ھەرقانداق فېئوداللىق زەھەرلەرنى ماختاش ئەمەس، بەلكى تارىخقا مۇئەييەن ئورۇن بېرىش، تارىخنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىكىلىق تەرەققىياتىنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدى. بىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزىرىنى يېتەكچى، دېمەك شىياۋ پىڭ ئەسەرلىرىنىڭ روھىنى دەستۇر قىلىپ، سولچىل كۆز قاراشقا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا، ھەر مىللەت ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرىگە يۆلىنىپ، بۇ بايلىقلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

ئون ئىككى مۇقام، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ـــ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم مەنبەلىرى. بۇلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى، پەلسەپەسى، پسىخولوگىيىسى، تىل ۋە مۇزىكا بايلىقلىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئون ئىككى مۇقام، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تارىختىن بۇيان بىر-بىرسىنى تولۇقلاپ، بېيىتىپ، ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن. ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى ئالساق، ئۇ كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ بىر قىسىم نادىر نەزمىلىرى ھەمدە بىر قىسىم نادىر خەلق قوشاقلىرى بىلەن خەلق داستانلىرىدىن تەركىب تاپقان. مۇزىكا بىلەن تېكىستلار بىر-بىرسىنى كۆچەيتىش ئارقىلىق تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنى بىر-بىرسىگە گىرەلەشتۈرگەن ھالدا ئېلىپ بارغىنىمىزدىلا تەتقىقاتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن «مىراس» ژۇرنىلىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىرلىكتە چىقىرىشنى قارار قىلدى. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بېيىشى، راۋاجلىنىشى ۋە بۇ ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق.

ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات. ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. بىز بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات فوندىغا
پۇل ئىئانە قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسملىكى

| پۇل ئىئانە قىلغان ئورۇنلار | پۇل سوممىسى (يۇەن) | ئەشكىللىگۈچىلەر |
|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى سىستېمىسى | 176.163.87 | يۇسۇپ ئەيسا |
| (1) تىيانشان رايونى | 71,880 | مۇھەممەت سەلەي |
| (2) سايباغ رايونى | 33.507.22 | ھەبىبۇللا |
| (3) يېڭىشەھەر رايونى | 47.776.67 | |
| (4) تۇدۇنخې رايونى | 23.000 | |
| ش ئۇ ئا ر ماشىنسازلىق، ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى سىستېمىسى | 103.740.80 | مۇھەممەت مامۇت |
| (1) مەخسۇس ماشىنىلارنى ئىشلەش زاۋۇتى | 8,203.80 | نىيە لۇنۇۋ |
| (2) نازارەت مېھمانخانىسى | 2,050 | ئوسمان سىدىق |
| (3) ماشىنسازلىق ئېلېكترون مەكتىپى | 1.300 | مۇھەممەت نىياز |
| (4) تەمىنات سودا شىركىتى | 10,631 | |
| (5) چارۋىچىلىق ماشىنسازلىق شىركىتى | 500. | |
| (6) ماشىنا ئېلېكتر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | 1.500 | |
| (7) ئېلېكترونلۇق سىستېما قورۇلۇشى شىركىتى | 5.000 | |
| (8) لايىھىلەش باشقارمىسى | 1.000 | |
| (9) ماشىنا ئۈسكۈنىلەر ئىمپورت-ئېكسپورت شىركىتى | 3.000 | |
| (10) شىنجاڭ ماشىنا سايمانلىرى شىركىتى | 15.000 | |
| (11) شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى شىركىتى | 20.000 | |
| (12) ئېلېكتر سىستېما قورۇلۇشى شىركىتى | 245 | |
| (13) نازارەت ئورگىنى | 3.661 | |
| (14) ئېلېكتر ماتېرىياللىرى شىركىتى | 10.000 | |
| (15) ئېلېكترون گۇرۇھى | 1.000 | |
| (16) نازارەت ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | 1.000 | |
| (17) غەربىي يۇرت ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇتى | 1.000 | |
| (18) ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى | 3.500 | |
| (19) ماشىنسازلىق تەتقىقات ئورنى | 2.000 | |
| (20) شىنجاڭ 1-ئاپتوموبىل زاۋۇتى | 8.000 | |
| (21) شىنجاڭ 1-ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى | 4.000 | |
| (22) ھېسابلاش ماشىنىسى شىركىتى | 1.150 | |
| ش ئۇ ئا ر سۇ ئىشلىرى نازارىتى سىستېمىسى | 100.00 | تۇرسۇن توختى |
| (1) نازارەت ئورگىنى | 5.000 | ئىمام |
| (2) ماناس دەريا باشقارمىسى | 10.000 | |
| (3) سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتى | 10.000 | |
| (4) تۇدۇڭخابا باشقۇرۇش باشقارمىسى | 10.000 | |
| (5) ماددىي ئەشيالار شىركىتى | 10,000 | |

| | | |
|---|---|---|
| (6) ئۇلۇۋبرسال سىپتىش شىركىتى | 10.000 | |
| (7) «شىك شىك» پولات ئۇرۇبا شىركىتى | 15.000 | |
| (8) سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇش باش شىركىتى | 10.000 | |
| (9) شۇيىۇ خېي باشقۇرۇش ئورنى | 10.000 | |
| (10) سۇ ئېلېكتر مەكتىپى | 5.000 | |
| (11) سۇ ئېلېكتر تەتقىقات، باشقارمىسى | 5.000 | |
| **ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق نازارىتى سىستېمىسى** | **101.000** | مەھمۇت مۇھەممەت |
| (1) نازارەت ئورگىنى | 30.000 | شۇكرى |
| (2) ماناس جەنۇبىي تاغ ئورمانچىلىق مەيدانى | 3.000 | ئىمىنجان |
| (3) شىخو ئورمانچىلىق مەيدانى | 5.000 | |
| (4) ئورمانچىلىق قۇرۇلۇش شىركىتى | 1.000 | |
| (5) ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | 2.000 | |
| (6) ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي تاغ ئورمانچىلىق مەيدانى | 2.000 | |
| (7) قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى | 3.000 | |
| (8) ئورمانچىلىق ماددىي ئەشيالار تەمىنلەش پونكىتى | 1.000 | |
| (9) ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى شىركىتى | 5.000 | |
| (10) گۆچۈڭ ئورمانچىلىق مەيدانى | 3.000 | |
| (11) ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانى | 2.000 | |
| (12) غەربىي تيانشان ئورمانچىلىق ئىدارىسى | 30.000 | |
| (13) ياغاچ ماتېرىياللىرى توشۇش شىركىتى | 2.000 | |
| (14) ئاشەن ئورمانچىلىق ئىدارىسى | 10.000 | |
| (15) مورى ياغاچ ماتېرىياللىرى شىركىتى | 1.000 | |
| **ش ئۇ ئا ر قاتناش نازارىتى سىستېمىسى** | **96.200** | جۇاڭ سەيچىڭ |
| (1) نازارەت ئورگىنى | 15.000 | ئابدۇرېھىم ھاشىم |
| (2) نازارەت مەمۇرىي باشقارمىسى | 15.000 | ئەنۇەر |
| (3) قاتناش نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمى | 2.000 | |
| (4) شىنجاڭ قاتناش باسما زاۋۇتى | 1.000 | |
| (5) ماددىي ئەشيا تەمىنلەش شىركىتى | 4.000 | |
| (6) شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى | 700 | |
| (7) شىنجاڭ قاتناش تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | 500 | |
| (8) شىنجاڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى | 15.000 | |
| (9) ئۈرۈمچى تاشيول ئۆچاستكىسى | 500 | |
| (10) ئۈرۈمچى تاشيول باش ئۆچاستكىسى | 2.000 | |
| (11) تاشيول تېرانسپورت ئىشچىلار ئويۇشمىسى | 3.000 | |
| (12) شىنجاڭ يول ئاسراش قۇرۇلۇش دۈيى | 500 | |
| (13) ئىبۇرغول يول ئاسراش ئۆچاستكىسى | 500 | |
| (14) ئۈرۈمچى تاش يول باش ئۆچاستكا ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | 500 | |
| (15) شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش، لايىھەلەش ئاكادېمىيىسى | 10.000 | |
| (16) شىنجاڭ توشۇش، باشقۇرۇش شىركىتى ئىدارىسى | 10.000 | |
| (17) شىنجاڭ تاشيول كۆۋرۈك باش شىركىتى | 5.000 | |
| (18) شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت 2-شىركىتى | 10.000 | |
| (19) شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتى | 500 | |

| | | |
|---|---|---|
| ش ئۇ ئا ر تاماكا شىركىتى | 50.000 | تېيەن ۋېنجىن، يۈسۈپ |
| جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 50.000 | ئەھمەت، ئابدۇرېھىم |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | 50.000 | سېيتنىياز ھەۋەيدۇللا |
| ش ئۇ ئا ر پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىدى | 50.000 | ئىسمايىل خاتىپ |
| ش ئۇ ئا ر نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسى | 50.000 | ئىسمايىل توختى |
| ش ئۇ ئا ر سودا نازارىتى | 50.000 | توختى بەختى |
| شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر شىركىتى | 50.000 | ياقۇپ ئاسىر |
| سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى | 30.000 | خۇاڭ يەنسەي، جاپپار |
| ش ئۇ ئا ر ستراخۇانىيە شىركىتى | 30.000 | تۇرسۇن بەردى |
| ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق نازارىتى سىستېمىسى | 30.731.50 | تالاش |
| (1) نازارەت ئورگىنى | 16.325 | تۇرسۇن ھوشۇر |
| (2) نازارەت تەرجىمە ـ تەھرىر ئىشخانىسى | 1.690 | |
| (3) شىنجاڭ ئوتلاقچىلىق باش پونكىتى | 1.667 | سىراجىدىن |
| (4) شىنجاڭ مال دوختۇرلۇق كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش باش پونكىتى | 1.631 | كېرىم سەلەي |
| (5) شىنجاڭ مال دوختۇرلۇق تەكشۈرۈش ئورنى | 1.510 | |
| (6) شىنجاڭ چارۋا ـ ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتى | 1.230 | |
| (7) شىنجاڭ چارۋا ـ ماللارنىڭ يەم خەشىكىنى تەكشۈرۈش ئورنى | 1455 | |
| (8) شىنجاڭ چېكەتكە يوقىتىش ئىشخانىسى | 1.125 | |
| (9) شىنجاڭ چارۋىچىلىق سودا ـ سانائەت شىركىتى | 3.500 | |
| (10) شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى | 494 | |
| (11) شىنجاڭ بىئو دورا زاۋۇتى | 104 | |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى | 30.000 | سۇ خەيپىڭ، مەمتىمىن، ئىززىز |
| تۇرپان ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسى | 30.000 | قۇربان نىياز |
| ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بانكىسى | 30.000 | غوجا ئابدۇلاسۇبى |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى سىستېمىسى | 30.000 | سۇن جىڭيۈەن |
| (1) شىنجاڭ ئاشلىق ـ ماي يۆتكەش پونكىتى | 10.000 | |
| (2) شىنجاڭ ئاشلىق ـ ماي ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 5.000 | |
| (3) شىنجاڭ ئاشلىق توشۇش شىركىتى | 5.000 | |
| (4) شىنجاڭ يەم ـ خەشەك شىركىتى | 5.000 | |
| (5) ئاپتونوم رايونلۇق ماي شىركىتى | 5.000 | |
| ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسى | 25.000 | نۇرمەمەت كېرىم |
| ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى | 20.000 | غوبۇر |
| ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى سىستېمىسى | 20.100 | ئابلىز باقى |
| (1) تەنتەربىيە كومىتېتى تاققا چىقىش ئەترىتىگە مۇلازىمەت قىلىش شىركىتى | 500 | |
| (2) ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تاققا چىقىش جەمئىيىتى | 1.000 | |
| (3) تەنتەربىيە كومىتېتى ئورگانلىرىنىڭ ھارقايسى باشقارمىلىرى | 9.000 | |
| (4) ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى مېھمانخانىسى | 2.000 | |
| (5) ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى 3 ـ چولپ ئەترىتى | 1.000 | |
| (6) ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىۋى | 1.000 | |
| (7) ئەنىمن تەنتەربىيە سارىيى | 1.000 | |
| (8) «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى | 500 | |

| | | |
|---|---|---|
| (9) ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | 1.000 | |
| (10) مەشىق قىلىش چوڭ ئەترىتى | 1.000 | |
| (11) تەنتەربىيە مەشىق 2-چوڭ ئەترىتى مۇلازىمەت شىركىتى | 200 | |
| (12) تەنتەربىيە مەشىق چوڭ ئەترىتى ئاشخانىسى | 800 | |
| (13) تەنتەربىيە مەشىق 2-چوڭ ئەترىتى | 100 | |
| (14) تەنتەربىيە كومىتېتى تەتقىقات ئورنى | 1.000 | |
| شىنجاڭ نېفىت-خىمىيە باش زاۋۇتى | 20.000 | يەن لوڭشىن، جالالىدىن |
| شىنجاڭ نېفىت باش شىركىتى | 20.000 | مەمتىمىن |
| ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | 20.000 | مەمەت نۇر |
| شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى | 20.000 | پەيزۇللا، ئابلىز |
| ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى سىستېمىسى | 25.000 | يۈيى راخمان ۋەلى |
| (1) ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى | 5.000 | |
| (2) شاۋ خوڭگو كۆمۈر كېنى | 2.000 | |
| (3) ليۇداۋان كۆمۈر كېنى | 5.000 | |
| (4) ۋېيخولياڭ كۆمۈر كېنى | 3.000 | |
| (5) ئىبۇبرغول كۆمۈر كېنى | 10.000 | |
| ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيالار ئىدارىسى | 15.000 | ئىبراھىم، كىرۇي، جۇرئەت |
| ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى | 15.000 | راخمان ئەختەم، شۇ جىڭگو |
| ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى | 15.000 | مەمتىلى ھوشۇر، جاۋ جىشاڭ |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى | 15.000 | نەيىم ياسىن، رىزۋان |
| ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى نازارىتى سىستېمىسى | 10.128 | تۇرسۇن توختى، ھامۇتجان |
| (1) كۆمۈر سانائىتى نازارىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | 5.000 | |
| (2) شىنجاڭ كۆمۈرلىكلەرنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈش باشقارمىسى | 3.000 | |
| (3) كۆمۈر سانائىتى نازارىتىدىكى شەخسلەر | 80 | |
| (4) كۆمۈر نازارىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | 2.048.71 | |
| شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش باشقارمىسى | 10.000 | جۇماخۇن |
| جۇڭگو بانكىسى | 10.000 | كاڭ مېي |
| ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى | 10.000 | ئەمەت ھاشىم |
| ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى | 10.000 | يۈسۈپ قاسىم |
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى | 10.000 | ھامىدىن نىياز |
| ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسى | 10.000 | غوبۇر، جاڭ زۇيچۇن |
| ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىدارىسى سىستېمىسى | 10.000 | رۇقىيە |
| (1) شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ئىدارىسى مىللىي كىيىم-كېچەك تەتقىقات مەركىزى | 2.000 | |
| (2) شىنجاڭ كىيىم-كېچەك، ئاياق، باش كىيىم شىركىتى | 2.000 | |
| (3) توقۇمىچىلىق لايىھەلەش ئاكادېمىيىسى | 2.000 | |
| (4) توقۇمىچىلىق ئىدارىسى ئورگىنى | 4.000 | |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى | 10.000 | خەلچەم ئىسلام |
| شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى | 10.000 | كېرىم |
| ئاپتونوم رايونلۇق قوراللىق ساقچى باش ئەترىتى | 10.000 | غېنى ئېزىز |
| ئاپتونوم رايونلۇق تاموژنا | 10.000 | ئابدۇللا ھۈسىيىن |
| ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال شىركىتى سىستېمىسى | 8.171 | ئابدىرېھىم، جۇباۋ، گوۋاڭ |

| | | |
|---|---|---|
| (1) ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال شىركىتى مەمۇرى باشقارمىسى | 494 | |
| (2) رەڭلىك مېتال تىرانسپورت شىركىتى | 895 | |
| (3) ئالتۇن ئىدارىسى | 642 | |
| (4) ئالتاي 3-كان ئەخمەتجان (شەخس) | 1.000 | |
| (5) ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئالىيومىن زاۋۇتى | 5.140 | |
| ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش | 5.000 | بادەي |
| ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى | 5.000 | مەمتىمىن روزى، يالڭ جەنشى |
| «بىرىنچى ئىيول» جاڭيۇ زاۋۇتى ئالدىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر | 5.000 | گاۋ جىبىڭ، پاتىگۈل |
| (1) مەمتىمىن | 650 | |
| (2) ۋاڭ شۇجىن | 100 | |
| (3) يالڭ جىجىن | 100 | |
| (4) ۋاڭ لىگجىن | 100 | |
| (5) ئابلىمىت | 100 | |
| (6) باشقىلار | 3.850 | |
| ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشخانىسى | 3.359 | ئابلا رېھىم |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئىمپورت-ئېكسپورت تۈۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى | 3.000 | ۋاڭ كۇڭ چۈۋەن، كۈلەش |
| مارالبېشى شامال چارۋا فېرمىسىدىكى مال باققۇچى رىشىت ئون ئىككى مۇقام فوندى ئۈچۈن ئۆزىگە بولسۇن دەپ ئالتە يۈەن بىلەن بىر پارچە تەسىرلىك خەت ئەۋەتكەن. | 6.00 | رىشىت |

1994-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنى كۈنلۈن مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدىكى نەق مەيداندا ئىختىيارىي پۇل ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئىسمىكى تىزىملىكچە

| | | |
|---|---|---|
| خوتەن ۋىلايەتلىك «ئولىمپىك» شىركىتى | 15.000 | قۇربان يۈسۈپ |
| شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش شىركىتى | 10.000 | مەتسېيىت تۇختۇن |
| خوتەن شەھىرى قۇرۇلۇش دۈيى | 5.000 | مەمتىمىن تۇرسۇن |
| «تەڭرى ئاتا» سودا سانائەت شىركىتى | 10.000 | ياسىن يۈسۈپ |
| گۆچەك چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى | 5.000 | ئابلىز |
| ئۈرۈمچى گىلەم شىركىتى ئىشچى خىزمەتچىلىرى | 500 | |
| ئۈرۈمچى ئون ئىككى مۇقام گۆھەر زېمىن شۆبە شىركىتى | 10.000 | ئابدۇقېيۇم روزى |
| ئۈرۈمچى 12 مۇقام 1- شۆبە شىركىتى | 5.000 | ھەسەن |

# ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرى توغرىسىدا

ئىمىن تۇرسۇن

ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا ۋە تېكىستتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان. ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسى ۋە ئاھاڭ تۈسلىرى بىلەن تېكىستلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئاھاڭدارلىقى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان. ئون ئىككى مۇقام كۈيلىرى ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك، باي مەزمۇنلۇق، رەڭمۇ رەڭ تۈسلۈك، بەدىئىي - پاساھەتلىك، يەڭگىل ھەم ئېيتىشقا ئەپلىك ئۇيغۇر بېيىت - قوشاقلىرى، خەلق داستانلىرى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ ئاھاڭدار بەدىئىي شەكلى بولغان غەزەللەرنىڭ تەخمىنەن 14 خىل بەھرىدە كەلگەن چوڭقۇر مەنىلىك تېكىستلار بىلەن جانلانغان ۋە يېڭى تۈس ئالغان. شۇڭا، بىزدە «مۇقام» ياكى ناخشا غەزەل بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «ناخشا ئوقۇماق» بىلەن «غەزەل ئوقۇماق» بىر چۈشەنچىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەربىر مۇقامنىڭ بىرىنچى بۆلۈكىدىكى كۈيلەر ئاساسەن غەزەللەرگە باغلانغان، ئىككىنچى بۆلۈكى بولسا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ كەڭ راۋاجلانغان «داستان» ژانىرى بىلەن نامايەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇقامنىڭ ئىككىنچى بۆلۈكى داستان دەپ ئاتىلىدۇ. مۇقامنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈكى (بىرىنچى بۆلۈكنىڭ قىسمەن سوتۇقلىرى) ئاساسەن مەشرەپ بېيىت - قوشاقلىرى ۋە ئۇسسۇل كۈيلىرى بىلەن تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مۇقامنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈكى مەشرەپ دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن قارىغاندا، «ناخشا» بىلەن «شېئىر» بىر نەرسە دېگەن قەدىمكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچە مۇقامدا تولۇق گەۋدىلەنگەن.

## 1

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى كەڭ ئىزدىنىش، قېزىش، توپلاش ئارقىلىق 16-ئەسىردە ھازىرقى شەكلىگە قېلىپلاشتۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ تېكىستلىرىمۇ رەتلەنگەن بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى، بۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە بارلىق پىكرى-زىكرىنى بېغىشلىغان ئامانىساخان (نەفىسىي)، قىدىرخان يەركەندى ۋە رەشىدىيلەرمۇ يېتۈك شائىرلار ئىدى. بىراق، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئۇ زاماندىكى نۇسخىلىرى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت مۇقام ئۇستازى ئەلنەغمىچى مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۆز ئاتىسى ۋە ھەمكەسىپلىرىدىن ئۆگەنگەن ۋە بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن تېكىستلارلا مۇقام تېكىستولوگىيىسىنى تىكلەشتە ئۆرنەك بولىدۇ. شۇنىمۇ كۆزدە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، شۇ چاغقىچە ئېيتىلىپ كەلگەن تېكىستلەر ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىنسا، مۇقام كۈيلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش ۋە مۇقام ئېيتقۇچىلار ياكى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ خاھىشىغا قاراش سەۋەبىدىن، زامان ۋە ماكان، ئىجراچى ۋە سورۇن مۇناسىۋىتى بىلەن تېكىستلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ئېھتىمالدۇر.

مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنۇ ئىككى جەھەتتىن كۆرۈلىدۇ:

**بىرىنچى، كۈي رىتىمى بىلەن شېئىر ۋەزنىنىڭ مۇناسىۋىتى.**

مۇقام كۈيلىرىدە مۇزىكىلىق رىتىم بىلەن شېئىرنىڭ ۋەزنى بىر-بىرىگە چىڭ باغلانغان. سۆز سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە ئاھاڭدار ئىپادىسى

www.uyghurkitap.com

بولغان شېئىر، بولۇپمۇ كلاسسىك شېئىر شەكلى مۇزىكىدىكى مېلودىيە ياكى ئاھاڭ ئىجراسىدىكى ئالاھىدە رىتىم، مېتر (ئۆلچەم) لەرگە ئېتىبار قىلىدۇ. ئۆلچەملىك (مۇنتىزىم) شېئىر، 14-ئەسىردىن كېيىن ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ بويىچە «غەزەل» نىڭ رىتىم (ۋەزىن)، مېترىك ئۆلچەملىرى، تۇراق-تاكت، ئۇرغۇلىرى ناھايىتى مۇنتىزىم بولۇپ، مۇزىكىلىقى يۇقىرى شېئىرىي شەكىل ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. مۇزىكىدىمۇ مەزكۇر شەرتلەر پەقەت ئاساسىي شەرتلەر ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىيەتتە، مۇزىكىدا 3/4 تاكت ئاساسىي بىرلىك بولۇپ، بۇ تۆتلۈك بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ — دە، ئۈچىنچى تۆتلۈك بەلگىدە ئۇرغۇ چۈشىدۇ. شېئىر ۋەزنىدىكى ئۇزۇن بوغۇملا ئىككىلىك بەلگىدىكى ئاھاڭغا ياكى ئىككىلىك بەلگىگە توغرا كېلىدىغان ئاھاڭغا ماس كېلىشى، قىسقا بوغۇملار تۆتلۈك بەلگىدىكى ئاھاڭغا ياكى تۆتلۈك بەلگىگە توغرا كېلىدىغان ئاھاڭغا ماس كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

مۇقام كۈيلىرىدە تېمپلار يۇمشاق، چىڭقاق، يېقىملىق دەپ تۇرلەنگەنچكە، شۇ كۈي باغلانغان غەزەلدىمۇ شۇنداق خۇسۇسىيەت بولۇشى شەرت. ئادەتتىكى خەلق ناخشىلىرىغا خەلق بېيىت-قوشاقلىرىدىن خالىغانچە تاللاپ باغلىغىلى بولىدۇ، لېكىن مۇقام كۈيلىرىگە خالىغان غەزەلنى سالغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن. «ئەجەم» مۇقامىنىڭ «مەشرەپ» بۆلۈكىنىڭ 3-سىتونى فوتوھىينىڭ «ئۇسۇل» توغرىسىدىكى غەزىلىگە باغلانغان بولۇپ، كۈي بىلەن تېكىست بىر-بىرىگە (شەكلەن ھەم مەزمۇنەن) شۇنداق ماسلاشقان.

شېئىرىيەتنىڭ غەزەل شەكلى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇئاييەن بەھرىدە ۋە بەلكى بىرەر بەھرىنىڭ مەلۇم رۇكنىدا يېزىلىدۇ. غەزەلدىكى ئىمالە (ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن بىرەر تاۋۇشنى سوزۇپ ئوقۇش)، ئىشبا (ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن بىرەر ھەرىپنى قوشۇپ ئوقۇش، يەنى تاۋۇشنى قاتتىق ياكى قېلىن ئوقۇش)، ئىشمام (بىرەر تاۋۇشنى يۇمشاق ياكى ئىنچىكە ئوقۇش) قائىدىلىرى مۇقام كۈيلىرىدىكى شۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە مۇناسىپ كېلىدۇ. قايسىلا مۇقامدا بولمىسۇن، ئۇنىڭ كۈيلىرىدە مەلۇم تۇراق ياكى تاكتلاردا بىرەر تاۋۇشنى سوزۇپ، ياكى قوشۇپ ياكى قىسقارتىپ (ئىخچام)، قاتتىق ياكى يۇمشاق ئېيتىش شۇ كۈينىڭ ئەقەللىي خۇسۇسىيىتىدۇر.

ئاندىن، غەزەلدە مەتلە (باشلانما)، مەقتە (تۈگەللىمە ياكى چۈشۈرگە) بولغىنىدەك، ھەربىر مۇقامنىڭ مەلۇم سىتونىدىكى ئاساسىي كۈينىڭ باش قىسمى ۋە ئاخىرقى قىسمى تېكىستىنىڭ مەتلەئى ياكى مەقتەئى بىلەن تەكرارلىنىدۇ.

مۇقامنىڭ ھەربىر كۈيى مۇقامنىڭ مىللى مۇزىكىلىق ئۇسلۇبىغا (مەسىلەن، قەدىمقى-ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب، ئۇرغۇتۇش ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، مەرغۇللىتىش ئۇسلۇبىغا) مۇۋاپىق كېلىدىغان بەھرىدە يېزىلغان غەزەلگە باغلانغان. مۇقامنىڭ بىرەر كۈيى باغلانغان رەجەز بەھرىدىكى غەزەلنى ھەرگىز رەمەل بەھرىدىكى غەزەل بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاساسىي 4 دائىرە (بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەسنىپىچە 7 دائىرە) گە كىرگەن بەھرلەردىكى غەزەللەرنى ئۆز دائىرىسىدىكى بەھرلە بىلە يېزىلغان غەزەللەرگىلا بەدەل قىلغىلى بولىدۇ. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ھەتتا ھەزەج بەھرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئەھرەم بىلەن ئەھرەب ۋەزنىلىرىدە يېزىلغان غەزەللەرنى ئوخشاش بىر كۈي بىلەن باغلىغىلى بولمايدۇ؛ پەقەت رەجەز بەھرىنىڭ مەجنۇتى مەتۋى (مەفائىلۇن مۇفتەئەلۇن مەفائىلۇن مۇفتەئەلۇن) ۋەزنىدە يېزىلغان غەزەلنى ھەجەز بەھرىنىڭ 8 مەفائىلۇن (ھەر بېيىت) ۋەزنىدە يېزىلغان غەزەل بىلەن شەرتلىك يۇسۇندا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.

خۇددى مۇقام كۈيلىرىدە مېلودىيە، رىتىم،

كارمونىيە، تېمبر، تون قاتارلىق شەرتلەر بولغىنىدەك، مۇقام كۈيلىرى باغلانغان ھەرقانداق تېكىست (ئاساسەن غەزەل) شېئىرىيەتنىڭ ئارۇز ئىلمى (ۋەزىن ۋە ئۆلچەم توغرىسىدىكى ئىلىم)، سەنايى ئىلمى (شېئىر سەنئىتى ھەققىدىكى ئىلىم)، بەدىئى ئىلمى (شېئىر ئىبارىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم) قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنغان.

مۇقام كۈيلىرىنىڭ تارىخى ئۇزاق زامانلاردىن باشلانغىنىغا ئوخشاش، شېئىرىيەتتە ۋەزىن-ئۆل-چەم قائىدىسىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇنداق قائىدە 14-ئەسىردىن باشلاپ، قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئەرەبچىدىن كىرگەن «ئارۇز» نامى بىلەن ئاتالدى. بۇ نۇقتىئىنەزەرنى «تۈركى تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن قەدىمكى خەلق قوشاقلىرى ۋە قەدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھازىرقى خەلق بېيىت قوشاقلىرى بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

«دىۋان»دا كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى شېئىرلاردىن مىساللار:

تەگۈرمەننىڭ ساۋىمنى بىلگەلىگە ئاي،
تىنۇر قالى ئاتاتسا قىسراق سىنى تاي.

بۇ شېئىر ھەزەج بەھرىنىڭ ئەھرەب ۋەزنىگە (مەفائىلۇن مەفئۇلۇ مەفئىلۇن فائى) توغرى كېلىدۇ.

قولسا قالى ئوغراپان بەرگىل تاقى ئازۇقلۇق،
قارغىش قىلۇر ئۇمالار يۇنچىغ كۆرۈپ قونۇقلۇق.

بۇ شېئىر ھەزەج بەھرىنىڭ مۇسەممەن ئۇشتۇر (مەفائىلۇن فئىلۇن مەفئىلۇن فائىلۇن) ۋەزنىگە توغرى كېلىدۇ.

ياغىنىڭ تاباتىترۇ باقىپ بۆكدۈك بىلە،
ئوغراپ قالى كەلسە ساڭا قارشۇ سۈلە.

بۇ شېئىر رەجەز بەھرىنىڭ مۇسەددەس سالىم (ئۈچ مۇستەفئەلۇن) ۋەزنىگە توغرى كېلىدۇ.

تۈركەن قاتۇن قاتىڭا تەگۈرمەندىن قوشۇغ،
ئايغىل سىزىنىڭ تاپۇغچى ئۆتنۈرياگى تاپۇغ.

بۇ شېئىر ھەزەج بەھرىنىڭ ئەھرەم (مەفائىلۇن مەفئۇلۇن، مەفائىلۇن فائىل) ۋەزنىگە توغرى كېلىدۇ.

قويغاشىپ ياتسا ئانىڭ يۈزىگە،
ئالسقار ئۆكىن ئانىڭ سۆزىگە؛
مىڭ كىشى يۇلۇغى بولۇپ ئۆزىگە،
بەرگەلەر ئۆزىن ئاخىڭ كۆزىگە.

بۇ شېئىر مۇتەقارىب بەھرىنىڭ «فائۇلەن فائۇل فائىل فەئۇلەن» ۋەزنىگە توغرى كېلىدۇ.

خەلق بېيىت-قوشاقلىرىدىن مىساللار:

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن بىلمەس بۇ
جانىنىڭ قەدرىنى،
كىم ئۆلەر ھالەتكە يەتسە شول بىلۇر
جان قەدرىنى......
مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام كىم مېنى
ياد ئەيلىسۇن،
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ دۈشمەنلىرىم
شاد ئەيلىسۇن.

بارغىنىڭنى باغدا كۆردۈم، يانغىنىڭنى كۆچىدا،
كۆچىدا باسقان ئىزىڭ بولدى كۆزۈمگە توتىيا.

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك قاشلىرىڭدىن
ئۆرگىلەي،
تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك كۆزلىرىڭدىن
ئۆرگىلەي.

بۇ بېيىتلار رەمەل بەھرىنىڭ مۇسەممەن مەجنۇن مەقتۇ (فائىلاتۇن فەئەلاتۇن فەئەلاتۇن فەئەلات) ۋەزنىگە توغرى كېلىدۇ.

ئاتالغ ئايمۇ ئانالغ ئايمۇ تۇغۇپتۇ سەن
قىزىل گۈلنى،
سېنىڭ كويۇڭغا سېلىپتۇ مېنىڭدەك بىر
غېرىپ قۇلنى.

بۇ بېيىت رەجەز بەھرىنىڭ مۇسەددەس مەجنۇن (مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفئىلۇن مەفائىلۇن) ۋەزنىگە توغرى كېلىدۇ.

مۇنداق مىساللار مەيلى قەدىمقى شېئىرلاردىن بولسۇن ياكى ھازىرقى خەلق بېيىت-قوشاقلىرىدىن بولسۇن، كۆپلەپ تېپىلىدۇ.

بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا، ئارۇز ۋەزنىنى دەپ ئاتالغان شېئىرىي ئۆلچەم قائىدىلىرى بويىچە يېزىلغان غەزەلنىڭ نەمۇنىلىرى 14-ئەسىردە كۆزگە كۆرۈنگىنىگە قاراپلا غەزەلشۇناسلىق (ئېنىقراق ئېيتقاندا ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرىيەت) ئەنە شۇ دەۋردىن باشلانغان دەپ قاراش بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ. 14-ئەسىردىن كېيىن، ئاتايى، لۇتفى، سەككاكى ۋە ناۋايى زامانلىرىدا غەزەل شەكلى بەلگىلىك ئۇسلۇب، ماۋزۇ (تېما) ۋە باي تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرگە ئىگە بولۇپ، شېئىرىيەتتە يېتەكچى شەكىل سۈپىتىدە تېخىمۇ راۋاجلاندى. شۇنداقلا، 14-، 15-ئەسىرلەردىن بۇيانقى غەزەللەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىدىكى غەزەلشۇناسلىقتا ئىنتايىن مول تەجرىبىلەر توپلانغانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

**ئىككىنچى، كۈي تېمىسى بىلەن تېكىستنىڭ مۇناسىۋىتى.**

مۇقام تېكىستلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، مۇقام كۈيلىرىدىكى تېما (ماۋزۇ) بىلەن شۇ كۈي باغلانغان تېكىست بىر-بىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى كۈينىڭ تەلۋى بىلەن تېكىستنىڭ مەزمۇنى بىر-بىرىگە چىڭ باغلانغان.

شەكىل جەھەتتىن غەزەل، داستان، قوشاق-بېيىتلاردىن ئىبارەت بولغان تېكىستلەر مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق تۈركۈملىنىدۇ:

ۋەز-نەسىھەت: بۇ تۈركۈمگە كىرىدىغان تېكىستلاردا ئاساسەن مەرىپەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەدەب-ئەخلاق مەزمۇنلىرى بايان قىلىنىدۇ؛ ۋەقەلىك بايانلار: بۇ ئاساسەن مۇقاملارنىڭ داستان بۆلەكلىرىدە قوللىنىلغان تېكىستلەر بولۇپ، دەسلەپتە مەلۇم شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان ئىبرەتلىك ۋەقەلەر، كېيىنچە كۆپرەك ئاشىق-مەشۇقلۇق ھاياتى تەسۋىرلىنىدىغان قىسسە-داستانلاردىن ئىبارەت. (ھازىرقى داستان بۆلۈكىدە خەلق داستانلىرىدىن پەقەت پارچىلارلا كۈيلىنىدۇ). كىشىلىك ھاياتىغا دائىر ھېكايىلەر: بۇنىڭدا ئاساسەن ئىشق-مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، نەپسانىيەتكە بېرىلمەسلىك ۋە شۇنىڭدەك مەزمۇنلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، مۇقام كۈيلىرى باغلانغان غەزەللەر كومپوزىتسىيە جەھەتتە مەزمۇنى كەڭ ۋە چوڭقۇر، تەسۋىرىي ئۇسۇللىرى خىلمۇ-خىل، شەكىللىرى كۆپ. لېكىن، غەزەللەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىگە شەكلەن تاشقى بەلگىلىرى ياكى ئەندىزە بويىچە قارىماسلىق كېرەك. ئەندىزە غەزەلنىڭ تېخنىكىسىغا باغلىق مەسىلە. تېخنىكىنى شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەنئەنە ياراتقان. شېئىرىيەتنىڭ شەكلەن ئىخچام ۋە بىرەر پاكىت ياكى ھادىسىگە بولغان مۇناسىۋەت (سۇبيېكتىپلىق جەھەتتىكى) ئېنىق ئىپادىلەنگەن غەزەل شەكلىدىن بولۇپمۇ قەدىمكى پەيلاسوپ شائىرلىرىمىز كەڭ پايدىلانغان، شۇ سەۋەبتىن، ۋەز-نەسىھەت تېمىسىدىكى تېكىستلەرنى تار مەنىدە ئاددىي دىداكتىك دەپ چۈشىنىش ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. چۈنكى تېكىستلەردە نەسىھەت ۋە ھېكمەتلەر كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان؛ غەزەللەردىكى ھېكمەت ۋە نەسىھەتلەردە پەلسەپىي-دىداكتىك ئىجتىمائىي-سىياسىي مەسىلىلەردىن ئىبارەت غايىۋى دۇنيانىڭ بايلىقى ئىپادىلەنگەن.

تېكىستلەرنىڭ بولۇپمۇ غەزەللەرنىڭ تېماتىكىسى ئىشقىي، پەلسەپىۋى، دىداكتىك، ئىجتىمائىي ھەم سىياسىي تېماتىكىدۇر.

غەزەللەردە ئىشق تېماتىكىسى رېئال ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلاشقا قارىتىلغان، ئۇ ھېچقاچان پەلسەپىۋى بوياقتىن خالى بولغان ۋە مەلۇم كونكرېت

شەخسكىلا بېغىشلانغان ئىپما ئەمەس. ئىشقى لىرىكا ئىنسانىي گۈزەللىك، پاك تۇيغۇلارنى مەدھىيىلەيدۇ. (ھەقىقى تەسەۋۋۇر روھىدىكى بەزى مەجازىي ئىشقى شېئىرلارمۇ پەلسەپىۋى شېئىرلار دائىرىسىگە كىرىدۇ). مەسىلەن:

كى ئاشىق ئىشقىدىن قىلسا ئەگەر قايسىغە تەسىر،
ئۆزىن تۇتماي ئۇرار ئوتقا ئەگەر پەرۋانىغە كىرسە.
(سادايى)

كىممۇ ئىشقىڭ زۇلمىدا تەنھا مېنىڭدەك جان بېرۇر،
غەيرىدىن دەم ئۇرسا ئىشقىڭ خوپ ئەمەس جانان ساڭا.
(نىيازى)

مۇقام تېكىستلىرىدا ئىپادىلەنگەن «ئىشق» ئىنسانىي-غايىۋى ئىشق بولۇپ، ئۇنداق ئۆزلىرىنى «تەركى دۇنيا ئاشىق» ئاتىۋالغان رىياكار سوپى-زاھىدلارنىڭ ئاغزاكى-سۈنئىي «ئىشقىدىن» مۇتلەق پەرقلىنىدۇ، بۇ ھەقتە كلاسسىكلىرىمىزنىڭ تەنقىدىنى كۆرۈڭ.

خەلق سۇلتانى ئۆزگەدۇر، ئىشق شاھى ئۆزگەدۇر،
بۇ پەلەكتە تۇغماغان جان ئۆزرە ماھى ئۆزگەدۇر.
سوپىلاردىن ئىشق ئېلى ھەرگىزمۇ كۈتمەيدۇ پاناھ،
بۇ نەزىر بار ئەھلىنىڭ پۇشتى پاناھى ئۆزگەدۇر.
(گۇمنام)

كلاسسىكلار مەرىپەتتىن، ھەقىقى ئىنسانىي پەزىلەتتىن خەۋىرى بولمىغان زاھىد-سوپىلارنى پەقەت ھايۋانىي نەفس ۋە شەخسىيەتنى كۆزلىگۈچىلەردۇر، دەپ قامچىلايدۇ.

قەدرى تاجى مەرىپەت بىلمەس سىمكىن زۇھد ئېلى،
خاتىرى خۇشتۇر ھەمىشە تون بىلە دەستارىدىن.
(زەلىلى)

كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ پىكرىچە، ھېكمەت ۋە نەسىھەتلەردىكى مۇلاھىزىلەر ھەممە تەبىقىگە (گادايدىن تارتىپ شاھقىچە يەنى ئاددى پۇقرادىن تاكى ئالىي ھۆكۈمدارغىچە ھەممە قاتلامغا) باغلىق بولغىنىدەك، ئىشق مەسىلىسىدىمۇ، مەيلى شاھ بولسۇن خاھى گاداي، ھېچكىمدە ئىمتىياز بولماسلىقى كېرەك. ئەنە شۇنداق تېكىستلەرگە باغلانغان مۇقام كۈيلىرىدىمۇ سىنىپىي پەرىق يوق، بۇ كۈيلەر ئومۇمى خەلقنىڭ مۇڭى، ئىستەك ۋە باھالىرىنى ئىپادىلەيدۇ — دە، ھەممە تەبىقە مۇستەسناسىز ياقتۇرىدىغان كۈيلەردۇر. شۇڭا، نەسىھەت ۋە ھېكمەت مەزمۇنىدىكى غەزەللەرگە پەقەت شۇ مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان كۈيلەرلا باغلانغان. مەشرەپ بۆلۈكىدىكى كۈيلەرنى ۋەز-نەسىھەت ۋە ھېكمەت مەزمۇنىدىكى غەزەللەرگە باغلىغىلى بولمىغىنىدەك، ۋەقەلىك بايانلار ئىپادىلىنىدىغان داستان بۆلۈكىدىكى كۈيلەرنىمۇ مەشرەپ بۆلۈكىدىكى كۈيلەرگە باغلىغىلى بولمايدۇ.

## 2

ئەمدى، مۇقام تېكىستلىرىدا ئۇچرايدىغان بەزى سۆز-ئىبارىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

تېكىستلاردا، «يار» سۆزى كۆپ ئۇچرايدۇ. «يار» ئومۇمەن ئىككى خىل مەفھۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىرى، تار مەنىدە چۈشەنگەندە، «سۆيگىنى»، «مەشۇقى» دېگەن مەفھۇمنى بىلدۈرىدۇ؛ يەنە بىرى، كەڭ مەنىدە بولۇپ، دوست، يولداش، ھەمدەم-بۇرادەر دېگەن مەفھۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ — كەڭ مەنىدىكى مەفھۇم ئىككى خىل چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ؛ بىرى، ئۇلۇس، خەلق، زامان ئەھلى؛ يەنە بىرى بولسا، ئىمكانىيەت (ئوڭۇشلۇق)، قوللاش (يار-يۆلەك). تېكىستلاردا كەلگەن «يار» سۆزى كۆپىنچە ئەنە شۇ كەڭ مەنىدىكى مەفھۇمنى بىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە، «يار» نىڭ مەجازىي مەنىسىمۇ بار، ئەلۋەتتە. كلاسسىك شائىرلارنىڭ تولىسى «زامان ئەھلى» توغرىسىدىكى پىكىر-مۇلاھىزىلىرى-

-نى بىلدۈرۈشتە «يار» سۆزىنى كۆپ ئىشلەتكەن. بۇنداق غەزەللەرنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تارىخىدا ئىجتىمائىي لىرىكىنىڭ ئۇيدان نەمۇنىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

نەۋبەتى، سەن يارنىڭ ئاستا نەسىدە بول ھامان،
تاتىرىك مەن ياردىن ئۆزگە خىيالىم يوق مېنىڭ.
(نۆبىتى)

ھۆر بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.
(سەئىدى)

ئۇتمۇ ھەم بار، گۈلمۇ ھەم بار، يارنىڭ رۇخسارىدا،
يامۇ ھەم بار، ئوقمۇ ھەم بار، ئول كۆزى خۇنخارىدا.
(گۇمنام)

نە كېرەك يارسىز ماڭا شاھى پەرىدۇن دەۋلەتى،
يار بىلە بولسام گادالىق تاجۇ دەۋلەتدۇر ماڭا.
(موللا بىلال)

يارنىڭ يۆلكى ياردىن،
غۇنچە بويلىرى زىبا،
يار بولمىسا قايدىن،
شىرىن سۆزلىرى ئاندىن.
(خەلق قوشىقى)

مۇقام كۈيلىرى باغلانغان غەزەللەردە مەركىزىي ئورۇن تۇتقان مەفھۇملاردىن بىرى — «ۋاپا». كلاسسىكلارنىڭ نەزەرىچە، «ۋاپا» ئىنسانلارنىڭ ھەممە تائىپىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەڭ ئالىجاناپ پەزىلەت. كلاسسىك شائىرلىرىمىز «ۋاپا»نى جەمئىيەتتىنىمۇ قەدىرلەيدۇ. تەبىئەتتە بولسا، پەسىللەرنىڭ سەرخىلى بولغان باھار، ئۇ ياشىرىش (كۆكلەش)، گۈزەللىك ۋە ياشلىقنىڭ تىمسالى. ئىنساندىمۇ بىۋاپالىق بولغىنىدەك، تەبىئەتتىمۇ بىۋاپالىق بولىدۇ. تەبىئەتتە ئالاھىدە لاتاپەتكە ئىگە بولغان پەسىل-باھارنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ — دە، ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. دېمەك ئۇ مۇۋەققەت بولغىنى ئۈچۈنمۇ غەنىمەت، كلاسسىكلىرىمىز ۋاپانىڭ زىددى بولغان جاپا ۋە بىۋاپالىقنى قاتتىق ئەيىپلاش ئارقىلىق ۋاپانى تەرغىپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

دىلبەرىمنىڭ مەزھەبىدە يوقتۇرۇر رەسمى ۋەفا،
ئەي كۆڭۈل، يەتكەي قەيەرگە نالەئى زارىم مېنىڭ.
(لۇتفى)

ئەي رەفىق، ھۆسن ئەھلىدىن قىلما تەمەمېھرۇ ۋەفا،
چۈنكى مەن بۇ تائىپەنىڭ ھۆسن ۋەفاسىن كۆرمىدىم.
(تەۋائى)

ۋەفاھەرفىنى سورغاندا ماڭا سەن تازا جان بەردىڭ،
ھايات بەخش مۆئجىزىدىن گويا جاۋاب ئەيلەپ.
(زەلىلى)

مەن ۋەفا قىلغانسېرى ئارتار جەفاسى يارنىڭ،
دەمىدىمە نوشى لەبىدىن بىر دەۋايى تاپمادىم.
(ئەرشى)

مۇقام كۈيلىرى باغلانغان تېكىستلاردا، جاپا ۋە بىۋاپالىق ۋاستىسى بىلەن، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان «نائەھلى» قاتتىق قامچىلىنىدۇ. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ قارىشىچە، نائەھلىلىك ئىنسانلاردا ئۇچرايدىغان رەزىللىكلەردىن بىرىدۇر؛ نامەرتلەر نائەھلى بولىدۇ. غەزەللەردە ئۇچرايدىغان يەنە بىر ئىبارە — «نەفس»مۇ ۋاپاسىزلىقنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. «نەفس» — ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا بولىدىغان دۈشمەن، «نەفس»نىڭ كەينىگە كىرگۈچى ياكى «نەفس»نى كىيەلمىگۈچى ئاخىرقى ھېسابدا ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ. شۇڭا، كلاسسىك شائىرلار ۋە خەلق قوشاقچىلىرى كىشلەرنى «نەئەھلى»دىن، «نەفس شەيتان»دىن ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندەيدۇ.

ھەمرەھى قابىل بىلەن يۈر، بىر غېرىبچەلىك بولسا يول،
يۈرمىگىل نائەھلى بىرلە يولدا يولداش ئۆزگەدۇر.

قولدا مالىڭ بارىدا كۆپتۇر قەرىنداش يارلەرىڭ،
ئارى باش ياستۇققا يەتكەندە قەرىنداش ئۆزگەدۇر.
(ھۇۋەيدا)

نائەھلى بىلەن سۆھبەت قۇرما ھەر يەردە،
دۈشمەنلەرگە ئېيتىپ سىرىڭ بىلدۈرۈر.
ئىچىڭدىكى سىرىڭنى ئېيتما نامەرتكە.
ھەركىشىگە سىررى ھالىڭ بىلدۈرۈر.
(«يۇسۇپ-ئەھمەد» داستانىدىن)

تېكىستلاردا «ئۇچرايدىغان يەنە بىر پوئېتىك ئىبارە — «پەلەك» (ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار «گەردۈن»، «زامان»، «دەۋران»، «جاھان»، «ئالەم»، جۈملىدىن «دەھر») بولۇپ، كلاسسىكلىرىمىز بۇ سۆز-ئىبارىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ زامان ۋە دۇنيا توغرىسىدىكى تەقرىز-باھالىرى ھەم ئۇلارغا تۇتقان مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگەن. ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان «پەلەك»نىڭ تەڭداش ئىبارىلىرى «گەردۈن»، «ئاسمان»، «چەرخ» بولۇپ، كۆپ ھاللاردا سەبى مەفھۇمنى بىلدۈرىدۇ. سۆز سەنئەتكارلىرى. «پەلەك دەۋرانى»نى بارلىق جەۋر-جاپا، جىلۋە-ناز ئىلمى-ھۈنەرلىرىگە شاگىرت بولغان دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىچە، بۇ ئادەتتە ئېيتىلىدىغان ئاددىيلا «تەقدىر»، «پېشانە» مەسىلىسى بولماي، بەلكى ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. مۇقام تېكىستلىرىدا، «پەلەك» ۋە ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان سۆز-ئىبارىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن مەفھۇم «سىتەمكار» (زۇلۇم سالغۇچى) دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن تەنقىدىي ئىپادىلىنىدۇ؛ بۇنداق سۆز-ئىبارىلەر ئارقىلىق زۇلۇم ۋە زالىملار پاش قىلىنىپ، ئادالەتنى ئۇلۇغلاش غايىسى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

جاپايۇ جىلۋە-ناز پەن-ئىلمى ئىچرە،
كۆرۈڭ، شاگىردىدۇر دەۋرانى فەلەك.
(لۇتفى)

نە گۇناھىم بار ئىدى قىلدىڭ فەلەك ياردىن جۇدا،
ئەيلەدىڭ گويا مېنى ئول گەۋھەرى جاندىن جۇدا.
(قەلەندەر)

ئىشق ئارا بىچارە ئەيلەپ ناتەۋان قىلغان فەلەك،
ھەجرىدىن نەشتەر ئۇرۇپ ئازارى جان قىلغان فەلەك.
ياخشىلىق يوق بۇ فەلەكتە، زۇلۇمدۇر ئەندىشەسى،
بۇ فەلەك-زالىم فەلەك، باغرىمنى قان قىلغان فەلەك.
(ئا. نىزارى)

غەمدىن قۇتۇلمىغان مېھنەتلىك باشىم،
كۈندە يۈزمىڭ ھىجرانلار بولدى، نەيلەيىن،
قارارى يوق شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى،
تۈگمەس سەۋداغا سالدى، نەيلەيىن.
(«غېرىپ-سەنەم» داستانىدىن)

تېكىستلاردا، دەۋراننىڭ زالىملىرىدىن، زاماننىڭ زۇلمىدىن نالە قىلىپ، پىغان چەككەن، ھەتتا زۇلۇم زەنجىرىدىكى پەقىرلىقنى ھۆكۈمرانلارنىڭ تاجۇ-تەختىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ئۇمىتۋارلىق مەفھۇملىرى، زالىملارنىڭ ئۆز شەخسىي مەنپەئەتلىرى يولىدا ھەرقانداق رەزىل ۋاسىتىلارنى قوللىنىشتىن تەپ-تارتمايدىغان بەد-بەشىرىلىرى ئاجايىپ يۇمۇرلۇق ئىبارىلەر بىلەن پاش قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تەزەللۇم قارا دەۋراندىن، قۇتۇلماي ئاھۇ ئەففاندىن،
تويۇپمەن يار ئۈچۈن جاندىن، كى باقماس ئىنتىزارىمغا.
(ئا. نىزارى)

بىھەمدۇللاھ، فەقىرلىق دەۋلەتىدىن تەختۇ-تا-
جىم بار،

تويۇپمەن يار ئۈچۈن جاندىن، كى باقماڭ ئىنتىزارىمغا.
(ئا.نىزارى)

بەھەمدۇللاھ، فەقىرلىق دەۋلەتىدىن تەختۇتاجىم بار،
جاھاننىڭ تاجدارى - شاھىغا نە ئېھتىياجىم بار.
(نىيازى)

فەقىر-فۇقرا باغىدىن شاھ ئۈزەر بولسا بىرەر ئالما،
دەرەختنى يىلتىزى بىرلە قومۇرتقاي غالچىسى ئاخىر.
راۋا كۆرسە ئەگەر شاھ بىر توخۇمغا زورلۇق ئەتمەكنى؛
يەۋەتكەي مىڭ توخۇنى لەشكەرىدىن قانچىسى ئاخىر.
(شەيخ سەئدى)

مۇقام تېكىستلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدىغان سۆز-ئىبارىلەردىن يەنە بىر مۇھىمراقى — گۈل ۋە بۇلبۇل. بۇ رىتورىكىلىق ئىبارە ئىنسانىي غايىگە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى سۆيۈش، كىشىلەر ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئۆزئارا تەقەززالىق ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. يارنىڭ يۈزى گۈلگە ۋە ئۆزىمۇ گۈلگە، يارلىق ئەزگۈلىكلەر گۈلگە ئوخشىتىلىدۇ. گۈل پارچە مەپتۇنكارلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەتنىڭ، باختلىق تىلەكلەرنىڭ تىمسالى. بۇلبۇل - گۈل ۋەسلىنى ئىزدىگۈچى، گۈل ئۈچۈن نالە قىلغۇچى، گۈل ئۈچۈن كۆيگۈچى ۋە كۆيۈنگۈچى، گۈلنى مەدھىيىلىگۈچىنىڭ تىمسالى. كىشىلەر گۈلنى قەدىرلىگىنىدەك گۈلنىڭ ئاشىقى بۇلبۇلنىمۇ ئەزىزلەيدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا ۋە خەلق قوشاقلىرىدا ناھايىتى يارقىن كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن:

مۇھەببەتتىن سەبايى سۇبھە سادىق بۇيى گۈل ئىستەر،
قېنى بۇلبۇل بىچارىدىن ئاھى سەھەر تەنھا.
(زەلىلى)

سەرۇ گۈللەر ئۆزرە قۇمرى، بۇلبۇل ئەيتقايلەر سەنا،
دىلبەرىم بۇلبۇللىرىنىڭ زىكرى-سەناسى ئۆزگىچە.
(گۇمنام)

بۇلبۇلى بىچارە كۆڭلۈم گۈل يۈزۈڭنىڭ شەۋقىدە،
زار يىغلاپ ئىستەنۇرمەن بىر گۈلى پەيدا ئەمەس.
(نۆبىتى)

لەتافەت باغىدا يوقتۇر يۈزۈڭدەك بىر ئاچىلغان گۈل،
ئۈنىڭ شەۋقىدە پەرياد ئەتكەلى يوق مەن كەبى بۇلبۇل.
(زەھۇرى)

3

مۇقاملارنى رەتلەپ تېخىمۇ تەكەممۇللاشتۇرۇش، ئىلمىي يوسۇندا نوتىلاشتۇرۇپ ئەينەن ساقلاپ قىلىش ۋە ھەقلىق ئىگىسى بولغان خەلقنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيەت قورۇلۇشىغا تەتبىق قىلىشقا تاپشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرنىڭ ئىككىنچى بىر مۇھىم تەرىپى مۇقام تېكىستلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىق ۋە تەقرىز يۈرگۈزۈش خىزمىتىدۇر. بۇ خىزمەت قىيىن ۋە مۇرەككەپ. لېكىن، تارىخىي ئەھمىيەتلىك خىزمەتتۇر. بۇ ساھەدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپىقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەرھۇم شائىرلىرىمىز نىم شېھىد ئەرمىيە دامولla ۋە تېيىپجان ئېلىيوۋلار مۇقام تېكىستلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىققان ئىدى. بۇ تېكىستلار ئومۇمەن مۇقام كۈيلىرىنى مۇمكىن-قەدەر ئەينەن ساقلاپ قېلىشتا ۋە ئىپادىلەشتە ئۆز ئەھمىيىتىنى كۆرسەتتى. لېكىن ئەل نەغمىچىلەرنىڭ تولىسى چالا ساۋات بولغانلىقى ۋە زامانىۋى نوتا ھەم مۇزىكىشۇناسلىق نەزەرىيىسىدىن بىخەۋەر بولغانلىقى سەۋەبىدىن، تېكىستلاردا مەلۇم نۇقسانلار كۆرۈلدى ۋە بۇ نۇقسانلار مۇقام كۈيلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىپادىلىنىشىگە بەزى سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. بىرىنچىدىن، تېكىستلاردا تەكرارلىق، يەنى بىر قانچە كۈي بىرلا تېكىستقا باغلىنىش ئەھۋالى بار ئىدى. ئىككىنچىدىن، بىر كۈي باغلانغان غەزەل مەلۇم بىر كلاسسىكنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولماي، ئىككى-ئۈچ شائىرنىڭ ئوخشاش بەھرىدىكى بېيىتلىرى-

16-ئەسىردە ئون ئىككى مۇقام رەتلەنگەندە،
كۈيلەر باغلانغان تېكىستلار ئۈچۈن، كلاسسىك
ئەدەبىياتىمىزنىڭ شۇ زاماندىكى نامايەندىلىرى-
نىڭ غەزەللىرى ۋە خەلق داستانلىرىنىڭ تولۇق
نۇسخىلىرى قوللىنىلغان بولۇشى تەبىي. لېكىن
بىزگە يېتىپ كەلگەن تېكىستلار كۆپىنچە بىر
قانچە كلاسسىكنىڭلا قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرلار
بىلەن چەكلەنگەن خەلق داستانلىرىدىن
ئۈزۈۋېلىنغان پارچىلاردىمۇ ئىزچىللىق ۋە ئىخچام-
لىق كەم؛ تۆتىنچىدىن، بەزى تېكىستلار
مەزمۇنەن مۇجمەل بولۇپ، تەسەۋۋۇرنى
نىقاب قىلىۋالغان ساختا زاھىدلىق-تەركى
دۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىشتەك پاسسىپ خاھىشلار-
دىن خالىي ئەمەس ئىدى؛ بەشىنچىدىن،
بەزى تېكىستلاردا خەلق كۆپچىلىكى ئوبدان
چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، يەنى خەلق تىلىدا
كەڭ ئومۇملاشمىغان ئەرەب-پارسچە سۆزلەر
كۆپرەك ئىدى، ھەتتا بەزى تېكىستلار نوقۇل پارس
تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئىشلىگۈچى تۇگۇل، مۇقام
ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەس ئىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئون ئىككى
مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى ئويۇشتۇرغان
مەخسۇس گۇرۇپپا مۇقام تېكىستلىرى ئۈستىدە
بىرقەدەر چوڭقۇر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ،
تېكىستلاردىكى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نۇقسانلارنى
تۈزىتىشكە ۋە كەملىرىنى تولدۇرۇشقا تىرىشتى.
بۇ جەھەتتە ئەدىبلىرىمىزدىن مۇھەممەتئېلى،
زۇنۇن، ئۆمەر ئىمىنلار ئالاھىدە كۈچ چىقاردى.

بۇ قېتىم رەتلەنگەن ۋە تولدۇرۇلغان
تېكىستلار ئاتايى، لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى،
شەيخ سەئىدى، مەشرەپ، ھۇۋەيدا، سەئە-
دى، رەشىدى، نەفسى، قىدىرخان، ئەرشى،
زەلىلى، نۆبىتى، گۇمنام، قەلەندەر، مەشھۇرى،
نىيازى، زەھۇرى، نىزارى، سادايى، موللا
بىلال قاتارلىق شائىرلارنىڭ غەزەللىرىدىن
ئېلىندى. «غېرىپ-سەنەم»، «يۇسۇف-ئەھ-
مەد»، «مەسئۇد-دىلئارام» قاتارلىق خەلق
داستانلىرىدىن نەمۇنىلىك پارچىلار ئېلىندى.
كلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرىدىن ئېلىنغان تېكىستلار
950 بېيىت ياكى 250 غەزەلگە توغرى كېلىدۇ.
خەلق قوشاقلىرىدىن مەلۇم سېيۇژىتلىق ۋە
مەزمۇنەن ئىزچىللىق خۇسۇسىيەتلىرى كۆزدە
تۇتۇلۇپ تاللانغانلىرى 1056 مىسرا ياكى 270
كۇبلىتقا توغرا كېلىدۇ. مۇقامنىڭ ھەربىر كۈيىگە
(مەرغۇل ۋە ئۇسسۇل كۈيلىرىدىن باشقىلىرىغا)
بىردىن تېكىست توغرى كەلدى. تېكىستلار بۇ
رەتلەش ئارقىلىق سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن
يۈكسەلدۈرۈلدى.

مۇقام تېكىستلىرىنى بۇ قېتىم رەتلەشتە،
ناخشىنىڭ ئورۇنلاش جەريانىدا تېكىستنى
ئىزاھلاش مۇمكىن بولمايدىغان ئالاھىدە سەنئەت-
لىك ئۆزگىچىلىكى ئېتىۋارغا ئېلىنىپ، ئېيتقۇچى
ھەم تىڭشىغۇچى دەرھال چۈشىنەلمەيدىغان
ئايرىم ئارخائىك ئىبارىلەر، بولۇپمۇ كەڭ
ئۆزلەشمىگەن ئەرەب-پارس سۆزلەر ئاممىباپ
سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇلدى. مەسىلەن،
«ئۇجماخ» نى «جەننەت»، «مۇشك» نى
«ئىپار»، «كۆز تىيرىسى» نى «كۆزقارچۇ-
غى» دېگەندەك.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىلى ئۆز
دەۋرىنىڭ ئەدەبى تىلى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر
ئەدەبى تىلىنىڭ تارىخىي تەركىبىي قىسىملىرىدىن
بولغاچقا، تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى
بويىچە، زامان ۋە ماكان ئامىللىرىنى ئېتىۋارغا
ئېلىش زۆرۈر. شۇڭا، مۇقام تېكىستلىرىنى
ھەددىسىلا زامانىۋى شېئىرىيەتكە يەڭگۈشلۈۋېتىش
ياكى تېكىستلار تىلىنى «ئارخائىزم» دەپ
چەتكە قېقىش تارىخىي ئەنئەنە ۋە ئىزچىللىقنى
ئىنكار قىلغانلىق بولا.

بەرپا قىلىش، مۇقام كۈيلىرى باغلانغان
ھەربىر تېكىستنىڭ كۈي بىلەن رىتىمداش
ھەم مەزمۇنداش بولۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر
تەتقىق قىلىش، تېكىستلارنىڭ غايىۋىلىكى ھەم
بەدىئىلىكىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش، ۋەتەن-
پەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئەمگەكسۆيەرلىك
مەزمۇنلىرىنى تېخىمۇ ئېنىقراق گەۋدىلەندۈرۈش،
تېكىستلارنى زامان ۋە ماكان ئامىللىرىنى
نەزەردە تۇتقان ھالدا پەيدىن-پەي ئاممىباپلاشتۇ-
رۇش — ئون ئىككى مۇقامنى كەڭ ئامما
ئىچىدە تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر
ۋاستىسىدۇر.

1994-يىل، مارت

# گۆھەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟

(تېپىشماقلىق چۆچەك)

دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدا، بىزگە يېقىنمۇ ئەمەس-يىراقمۇ ئەمەس بىر شەھەردە هال-كۈنى ئوتتۇراھال تۆمۈرئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ تىنىمسىز ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، هالال ئىشلەپ، هالال يەپ ئۆز كۈنلىرىنى شۈكرى-قانائەت بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. تۆمۈرئاخۇننىڭ ئايالى بولسا چۆچۈرىدەك ئۈچ ئوغلىنى بېقىش بىلەن هەلەك ئىكەن. ئوغۇللار كۈندىن-كۈنگە چوڭيۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئەمما بالىلارنىڭ ئانىسى ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. تۆمۈرئاخۇننىڭ كۆرسەتمىگە داخان-تۇۋىپى قالماپتۇ، لېكىن ئايالىغا ھېچ قانداق سەۋەپ كار قىلماپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايالىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. تۆمۈرئاخۇن ۋە ئۈچ ئوغۇل ئىنتايىن قايغۇرۇپ ئايالىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئوبدان ئۇزۇتۇپتۇ. تۆمۈرئاخۇننىڭ ئۈستىدىكى يۈك ئېغىرلىشىپ، ئېتىز-ئېرىق ۋە ئۆي ئىشلىرى ئۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بالىلىرىغا ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ يەتتە-سەككىز يىلنى جاپالىق ئۆتكۈزۈپتۇ. بالىلارنىڭ ئالدى ئون يەتتە ياشقا كىرىپ رەسمىي كارغا كەپتۇ. ئۇلار ئۆز لايىقىدا تۆمۈرئاخۇنغا ھەمدەم بولۇپ دادىسىنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنى يەڭگىللىتىپتۇ. دادا بالىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تاشلاندۇق يەرلەرنى ئېچىپ، زىرائەت تېرىپ مول ھوسۇل ئاپتۇ. تۆمۈرئاخۇن بالىلىرىنىڭ تەڭلا چوڭيۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى ئۆيلەپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قولىغا كىرگەن ئاز-تولا تاپقان-تەرگىنىنى يىغىشقا باشلاپتۇ. شۇ يوسۇندا يەنە ئۈچ تۆت يىل ئۆتۈپتۇ. بالىلارمۇ ياشلىق قۇرامىغا يېتىپتۇ. ئۇ چوڭ ئىككى ئوغلىنى بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسىنى ئۆيلەپ، ئايرىم-ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئۆزى كەنجى ئوغلى بىلەن ئۆز ئۆيىنى تۇتۇپ، يەنە ئېتىز-ئېرىق ئىشىنى داۋام ئېتىپتۇ.

بىر يىلى تۆمۈرئاخۇن ئۇسسا قىلغان يەرلىرىنى ھەيدەپ كېلىۋېتىپ بىر قالغاچنىڭ ئېتىزلىقتا پالاقلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قوشنى تاشلاپ قالغاچنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قارىسا قالغاچنىڭ قاناتلىرى يۇلۇنۇپ تاشلانغان ئىكەن. تۆمۈرئاخۇننىڭ قالغاچقا رەھمى كېلىپ، ئۇنى قوينىغا سېلىۋېلىپ كەچ كىرگەندە ئۆيگە ئەكېلىپ دان، سۇ بېرىپ، سېۋەتكە سولاپ بىر كېچە بېقىپتۇ. ئەتىسى ئۆيىنىڭ پېشايۋىنىغا بىر ئۇۋا ياساپ ئۇۋىغا سېلىپ قويۇپ، ئوغلىغا قالغاچنى پەرۋىشلەپ ياخشى بېقىشنى تاپىلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قالغاچنىڭ قاناتلىرى ئۆسۈپ يېتىلىپتۇ. ئۇياق-بۇياقلارغا ئۇچۇپ دانلايدىغان، تاڭ سەھەردە مۇڭلۇق ئۆتلەيدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى تەرەپبال قالغاچ ئاسمانغا ئۇچۇپ ئۆرلەپ پەرۋاز قىلغاندىن كېيىن كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. كەنجى ئوغۇل قالغاچنىڭ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ مۇڭلۇنۇپتۇ. ئويلىغاندەك قالغاچ ئىككىنچىلەپ تۆمۈرئاخۇننىڭ ئۆيى تەرەپكە يولىماپتۇ. تۆمۈرئاخۇن بولسا جانىۋار ساق-سالامەت قولدىن چىقىپ ئۆز ئەركىنى تاپتى دەپ ئويلاپتۇ. بارا-بارا قالغاچ بۇ ئائىلىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

كۆن، ئاي ئۆتۈپ كۆز مەزگىلى كەلگەندە تۆمۈرئاخۇن كەنجى ئوغلىنى بىر دېھقاننىڭ ئەدەپ-قائىدىلىك ئىشقا پىشقان قىزىغا ئۆيلەپ قويۇپتۇ.

ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا تۆمۈرئاخۇن سەھەردە قوش ھەيدەۋاتسا، بىر قالىغاچ ئاسماندىن ئوقتەك شۇڭغۇپ ئېتىزلىققا چۈشۈپتۇ. تۆمۈرئاخۇن نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ زەڭ سېلىپ قارىسا ھېلىقى قالىغاچ تۇمشۇقىدا پارقىراق بىر نەرسىنى چىشلەپ تۆمۈرئاخۇن تەرەپكە يورغىلاپ كەپتۇ. قالىغاچ ھېلىقى پارقىراق نەرسىنى يەرگە تاشلاپ زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل، مېھرى شەپقەتلىك دېھقان، سەن مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ مەن ئۆتكەن يىلى مۇشۇ مەزگىلدە مۇشۇ ئېتىزلىقتا سېنىڭ شەپقىتىڭگە ئېرىشكەن قالىغاچ بولىمەن. مەن شۇ چاغدا بىر ناباپنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، جېنىم نابۇت بولغىلى تاس قالغان ئىدى. مەن ماڭا قىلغان ئۇنتۇلغۇسىز ياخشىلىقىڭنى قانداق قىلىپ قايتۇرارمەن دېگەن خىيال بىلەن ساڭا دېمەي ئۆيۈڭدىن ئايرىلدىم. مەن ئەسلىدە ئالەمدىكى پۈتۈن قالىغاچلار پادىشاھىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسى بولىمەن، مېنىڭ جايىم بۇ يەردىن نەچچە ئاي ئۇچسا يەتكىلى بولىدىغان يەردە. مەن ئۆيۈڭدىن ئۇچۇپ چىقىپ شاھ دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆيىمىزدە نەچچە ئەۋلاد ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر دانە گۆھەرنى ساڭا ئېلىپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ئازراق رەھمىتىم، قوبۇل قىلغايسەن! -دەپتۇ. تۆمۈرئاخۇن يەردىكى گۆھەرنى قولىغا ئېلىپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. گۆھەر شۇ دەرىجىدە ئېسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەرخىل رەڭلەر جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن. تۆمۈرئاخۇن:

— ھەي قالىغاچ، مەن سېنىڭدىن بىر نەرسە تاما قىلىپ قۇتقۇلدۇرغان ئەمەس ئىدىم. سەن كايىپ كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بۇ ئەتىۋارلىق گۆھەرنى ماڭا ئېلىپ كەپسەن. ھىممىتىڭگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! -دەپ قالىغاچقا دۇئا قىپتۇ. قالىغاچ:

— بۇ گۆھەرنىڭ خاسىيىتى شۇكى، بۇنى ساقلىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، تېنى ساغلام بولىدۇ، ئىشلىرى ئاسان بولۇپ بەخت-سائادەتيار بولىدۇ. سەن بۇ گۆھەرنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ساقلىغايسەن. بۇ گۆھەرنى ھەرگىز ساتما، چاقما، يېنىڭدىن ئاجراتما، -دەپ تاپىلاپتۇ. تۆمۈرئاخۇن بۇ گەپلەرنى كۆڭلىگە مەھكەم پۈكۈپتۇ. قالىغاچ تۆمۈرئاخۇن بىلەن خوشلىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

تۆمۈرئاخۇن گۆھەرنى قوينىغا ئاۋايلاپ سېلىپ، خوشلۇقىدا بىر كۈن كەچكىچە ھەيدەپ بولىدىغان يەرنى پېشىمگە قالماي ئاغدۇرۇپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. تۆمۈرئاخۇن بۇ ئىشنى ئىنىسى-جىنىغا تىنماي كۈنلەرنى ئاۋۋالقىدەك ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ، گۆھەرنى بولسا كېچە-كۈندۈز يېنىدىن ئايرىماي ساقلاپتۇ. بارغانچە ئوغۇللىرى ۋە ئۆزىنىڭ تاپاقان تەركىنى كۆپىيىپ، قىلغان-ئەتكەنلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، بەخت-سائادىتى ئېشىپتۇ. كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تۆمۈرئاخۇنغا قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۈچ ئوغۇل بولسا شەھەردە داڭقى چىققان سودىگەرلەردىن بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بارمىغان شەھەرلىرى قالماپتۇ. ئۇلار دادىسىغا ئوبدان قاراپ ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللۇق بۇرچىنى يەتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى كېچىسى بوۋاي شېرىن ئۇيقىدا بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە مۇنداق بىر ئىش كۆرۈپتۇ. بىر ئەتىياز مەزگىلى ئىمىش، بوۋاي ئادىتى بويىچە يەر ھەيدەۋاتقۇدەكمىش، بىر چاغدا گۆھەرنى سوۋغا قىلىپ كەتكەن قالىغاچ يەنە بوۋاينىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇمىش ۋە بوۋاينىڭ ئولۇڭ مۈرىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قونۇپ، زۇۋانىغا كىرىپ:

— ئەي دېھقان، مەن ساڭا ھەدىيە قىلغان گۆھەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇشۇ چاققىچە ئاغرىق-سىلاق، بالا-قازادىن خالى، ئوبدان كۈنلەرنىڭ ئىچىدە ياشىدىڭ. بارلىق مۇرات-مەقسىدىڭ ھاسىل بولدى. گۆھەرنىمۇ ئىنتايىن ئېزىزلاپ ساقلىدىڭ، ئەمدى بەس، ئۆلۈم نۆۋىتىنى ساڭا كېلىپ قالدى، بۇ يىل تۇپتوغرا 100 ياشقا كىرىپسەن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياشىساڭ ئۆزۈڭگە-ئۆزۈڭ يۈك بولىسەن. ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىن، خەير-خوش، — دەپ پۈررىدە ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتىمىش. تۆمۈر ئاخۇن بوۋاي قالغاچنى ئاسماندىن ئىزلەيمەن دەپ كۆزنى شۇنداق ئاچقان ئىكەن، كۆرگىنى چۈش بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، خۇداغا شۈكرى-قانائەت ئېيتىپتۇ. ئويلاپ قارىسا ئۆزى بىلەن تەڭتۇشلاردىن بىرسىمۇ قالمىغان. شۇنىڭ بىلەن كۆرگەن چۈشىگە رەسمىي ئىشىنىپ، جان ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ ھەم تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئوغۇللىرىنى ئەتراپىغا چاقىرتقۇزۇپ:

— باللىرىم، سىلەرنى يىغىشىمنىڭ سەۋەبى مۇنداق: مەن بولسام پۇت-قولۇمدىن ماغدۇر قېچىپ قېرىپ ۋايىغا يەتتىم، ئەتىمۇ-ئۆگۈنىمۇ بۇنىسى نامەلۇم، لېكىن پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە يېنىش نۆۋىتى كېلىپ يەتتى. سىلەر بولساڭلار ئۆي-ئوچاقلىق، بالا-چاقىلىق بولۇپ ھەر قايسى تەرەپلەردىن بىھاجەتلىك پەللىسىگە يەتتىڭلار، مۇشۇ ئېغىزىمدىن زۇۋان قاچمىغان پەيتتە سىلەرگە ۋەسىيەت قىلىش قارارىغا كەلدىم. ۋەسىيىتىمنىڭ بىرىنچىسى: مەن ئۇ ئالەمگە يانغاندىن كېيىن، مەن بارلىقىدەك ئۆم-ئىتتىپاق بولۇپ بىر-بىرىڭلارغا پۇت-قول بولۇپ ئۆتسەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ گېپىنى ئېلىپ، كېڭەش بىلەن ئىش قىلساڭلار. ئىككىنچىسى: سىلەرگە نەچچە ئون يىل مابەينىدە سىر تۇتۇپ كەلگەن بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن، ئۇ بولسىمۇ، بىر قالغاچنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قويۇش سەۋەبىلىك بىر خاسىيەتلىك گۆھەرگە ئىگە بولغان ئىدىم. بۇ بىر قەۋمنىڭ بەخت-سائادىتى مۇشۇ گۆھەردىن نېسىپ بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغۇسى. لېكىن گۆھەر بىر، سىلەر بولساڭلار ئۈچ، ئۈچۈڭلاردىن بىرسىڭلارغا بېرىپ ئىككىڭلارنى قارىتىپ قويسام بولمايدۇ. شۇڭا قانداق قىلغاندا گۆھەرنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالدۇرۇپ ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرسەڭلار، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ئەمدى خەۋەر تاپقان ئۈچ ئاكا-ئۇكا لام-جىم دېمەي جىملا تۇرۇشۇپ قاپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن:

— ئۇنداق بولسا سىلەرگە ئەتە ئەتىگەنگىچە مۆھلەت بېرەي، ھەر قايسىڭلار بۇ ئىشنى ئۆز ئالدىڭلارغا ئويلاپ كېلىڭلار، -دەپ باللارنى ئۆز ئۆيلىرىگە يولغا سېپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپ ئەتىسى باللار يىغىلىپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن ئۇلارنىڭ قانداق قارارغا كېلىشكەنلىكىنى سورىغان ئىكەن، چوڭ ئوغۇل گەپ باشلاپ:

— دادا، مېنىڭچە بۇ گۆھەرنى سېتىپ پۇلىنى ئۈچىمىزگە ئۆلەشتۈرۈپ بەرگىنىڭىز تۈزۈك، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنىڭ ئارىمىزغا ئارازلىق چۈشۈپ قالىدۇ، -دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل:

— مېنىڭ ئويۇمچە گۆھەرنى ئۈچكە پارچىلاپ ھەر قايسىمىزغا تېگىشلىكىنى ئايرىپ بەرگىن. باش ئاغرىتمايدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل شۇ، -دەپتۇ. نۆۋەت كەنجى ئوغۇلغا كەپتۇ. ئۇ:

— دادا، ئاكىللىرىممۇ ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى، لېكىن ئۈچىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇنىڭغا دانىشمەن يۇرت كاتتىسىدىن بىرسى مەسلىھەت بەرسە دەپ ئويلايمەن. شۇنداق

قىلغاندا زىقمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەسمىكىن؟-دەپتۇ.
تۆمۈر ئاخۇن ئوغۇللىرىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئويلۇنۇپ ئاخىرى كەنجى ئوغۇلنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنجى ئوغۇلنى بۇ شەھەردە دانىشمەنلىكتە شان-شۆھرىتى ئۇلۇغ بىر مۆتىۋەرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ھايال بولماي مۆتىۋەر يېتىپ كەپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن خاسىيەتلىك گۆھەرنىڭ ئۆز قولىغا چۈشۈپ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىش جەريانىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپتۇ ھەم گۆھەرنى خاسىيەتلەشتۈرگەن پەرھىزنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا، ئۈچ ئوغۇل ئۈنىڭدىن قانداق قىلغاندا تەڭ بەھرىمەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. مۆتىۋەر كىشى بولسا بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۈچ ئوغۇلغا ئىنتايىن باپ كېلىدىغان دانا مەسلىھەت بېرىپتۇ. مۆتىۋەرنىڭ مەسلىھەتىگە ھەممەيلەن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئاندىن مۆتىۋەر كىشى:
— ئۇنداق بولسا، مۇشۇ پۈتۈشكەن مەسلىھەتىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئۈچۈڭلار ئاللانىڭ گۇۋاھچىلىقىدا قەسەم قىلىڭلار، — دەپتۇ. ئۈچ ئوغۇل ئاللانى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن مۆتىۋەرگە رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ يولغا سېپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن ھەپتە ئۆتمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. بۇ ئۈچ ئوغۇل تەڭ تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، مۆتىۋەر بەرگەن مەسلىھەتكە ئەمەل قىلىپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغىمۇ ئەشۇ مەسلىھەت بويىچە ۋەسىيەت قىپتۇ. خاسىيەتلىك گۆھەر ئەۋلاد-تىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ ئۇلارغا بەخت-سائادەت ئاتا قىپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خاسىيەتلىك گۆھەر ھازىرغىچە تۆمۈر ئاخۇننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ساقلاقلىق بولۇپ ئۇلارغا ھەممىدىن ئۈستۈنلۈك ئاتا قىلىپ بېرىۋاتقانمىش. قېنى ئويلاپ كۆرەيلى، مۆتىۋەر كىشى قانداق مەسلىھەت بەرگەن؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ئەيسائاخۇن** (ساۋاتسىز، كەلپىن ناھىيىسى يۇرچى يېزىسىدىن)
توپلىغۇچى: **ۋاھىتجان ئوسمان**
(جاۋابى كېلەركىساندا)



(بېشى 31-بەتتە)

ئارىسىغا يۈز كېتىپتۇ. قوۋان راۋاپ جامائەتنىڭ خوشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

سادىق تۇيتەللە
ياتتى يامۇلدا.
موللايى خاتىپ
قالدى ئارغۇلدا.
شۇ زامانلاردا
موللايى خاتىپ،
سەللىنى تاشلاپ
نەشىنى تارتىپ،
تۆگمەنگە باراي دەپ،
باشلىرى قاتىپ،
شۇنداق تۇرغاندا
ئېشىكى قېچىپ كېتىپ،
ئېشەكنى تاپالماي،
توقامغا ئارتىپ،
تۆگمەنگە بارغىچە،
قىلدى كېچەشنى،
تۆگمەنگە بېرىپ
سالدى كۆمەچنى
كۆمەچنى يەپ بولۇپ،
ئۇسۇرۇپتۇ بەشنى،
موللا دىمەيمىز
سەندەك كېكەچنى
يۆگمەس ئەمدى
يوغان سېپەچنى،
قونچاقىغا كەپلىدۇق
چىڭداپ بۆگەچنى.

ئەسكەرتىش: باشاقچى ۋە يېقىن كەنت-مەھەللەردە ياشىغان باي، ئەمەلدارلارنىڭ ئىسمى بۇ داستاندا ئەينەن تىلغا ئېلىنغان.
ئېيتىپ بەرگۈچى: **مۇھەممەت توخا** (قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا باشاقچى كەنتىدىن)
توپلىغۇچى: **مۇھەممەتئىمىن قۇربان**
(قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

# سادىق تۈيتەللە

(كىچىك داستان)

يۈز يىللار بۇرۇن باشانچى دېگەن بۇ يۇرتقا سادىق باي دېگەن بىر كىشى بەگ ئىكەن. ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان پوچى، مەنمەنچى، قارا يۈرەك بۇ ئادەم ھەر پەيشەنبە كۈنى ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئالۋان-سېلىق يىغىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۆۋرۈك ئەترىپى پەيشەنبە بازارغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

قوۋان راۋاپ ئىسىملىك بىر قويچى زاۋال ۋاقتى بىلەن سادىق بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن راۋاپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپتۇ. سادىق بەگ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى چاقىرتىپ:

-بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن بىھايالىق بىلەن ئۆتۈشكە نېمە ھەددىڭ؟-دەپ ۋاقىراپتۇ ۋە غالچىلىرىنى ئۇنى ئۇرۇپ-دۇمبالاشقا كۈشكۈرتۈپتۇ. قوۋان راۋاپ بۇ خورلۇققا ۋە يۇرتدا شلىرىنىڭ ئۈنسىز نالە-پەرياتلىرىغا چىدىماي راۋابىنى چېلىپ مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

باشاقچى كۆۋرۈكى
پەيشەنبە بازىرىدۇر.
سادىق تۈيتەللە ②
جاننى ئالادۇر.
ئالاباش سەگلىرى
ئادەم تالادۇر.
ئىدرىس باقى ھاجى
باشقا بالادۇر.
ئەمەت بەگ دېگەن
كۆڭلى قارادۇر.
قولىدا قامچا،
قاپاق يارادۇر.
سارەم خېنىمنىڭ
قاشى قارادۇر.
كۆتەكتەك ئولتۇرۇپ،
دۇتتار چالادۇر.
ئايشەم ھەم تاجەك،
ئۇسسۇل سالادۇر.
دىدەكلەر ئۇنى
ئوراپ ئالادۇر.
ئويۇن مەشرەپلەر
كۈندە بولادۇر.
خەقنىڭ كىيىشى
جەندە كۆلادۇر.
سادىق تۈيتەللە
ھەممىنىڭ چوڭى.
ئالۋان-سەيسى دەپ،
بېسىلماس ئۇنى.
يۇلۇپ تۈگىدى
قولتۇقنىڭ يۇڭى.
ۋاسالغۇ، گۈلە،
شاپتۇلنىڭ توڭى.
بەش بالاڭ چىقىپ
موللاققا تۇردى.
ئاننى مىنىشنىڭ
جالالىدىن خاندەك.
قارچىغا ئۆيىنىشنىڭ
غوجىۋۇسللاخاندەك.

---

① باشاقچى — قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى بىر يۇرت.

② تۈيتەللە — لەقەم

ئۆستەڭ بويىدا
يۈسۈن مىراپتەك.
كۆۋرۈك بېشىدا
مەمتىلىخاندەك.
كېپىش كىيىشىك
شەمشەت كۆكەيدەك.
سىپەچ يۆگىشىك
قازى كالاندەك.
يوغان گەپ قىلىشىك
رەخىم دۆكاندەك.
ئاتىتا ئولتۇرۇشىك
راخمان پوكاندەك.
پەدىاز قىلىشىك
خېنىم چوكاندەك.
ياغلىق باغلىشىك
ناسىر چېچەندەك.
چاپان كىيىشىك
ئاسىم دوغىدەك.
تامبال كىيىشىك
ھاشىم يورغىدەك.
تەلپەك كىيىشىك
تۇردى ھاجىدەك.
ھاسا تۇتىشىك
ھەسەن قازىدەك.
يولدا مېڭىشىك
قاسىم گاچىدەك.
قوسقىك تاغار،
پۇتۇڭ ئاچىدەك.
سالام قىلىشىك
ئۆرە خادىدەك.
قارنىڭ تويمايدۇ.
قېرى كالىدەك.
قىلغان قىلىقىك
كىچىك بالىدەك.
پوتا باغلىشىك
تۇرسۇن يايىدەك.
بويۇن تولغۇشۇڭ
خېنىم سەتەڭدەك.
نەپسىڭ تويمايدۇ
خۇددى لەھەڭدەك.

*

جامائەت كۆرسە
موللامچى بىكىم.
زاغرىغا خوشى يوق
تومنانچى بىكىم.
مال-دۇنيا ئۈچۈن
جان ساتقان بىكىم.
تويماس قارنىڭنى
خۇدايىم تويغۇزار.
قومۇشلۇق مازارغا
كۆمەپ قويغۇزار.

قۇۋان راۋاب شۇنداق قوشاق ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللەردە، سادىق بەگ ئۆزىنى چولڭ تۇتۇپ ئامبالنى كەمسىتىدىغان گەپلەرنى قىلغانلىقتىن ئامبال ئۇنى زىندانغا سولاپتۇ. بۇ خوش-خەۋەرنى ئاڭلىغان قۇۋان راۋاب باشاقچى كۆۋرۈكتە سادىق بەگنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ مۇنداق قوشاق ئوقۇپتۇ:

ئامبال پالىدى
سادىق داداڭنى.
مىنگەچ كەلمەيسەن
قارا ماداڭنى.

بېشىڭغا تېگىلدۇق
بولجا-خاداڭنى.
خۇدايىم بەردى
سىبنىڭ جاجاڭنى.

سادىق بەگنىڭ ئەتۋارلىق ئادىمى موللايى خاتىپ بۇ مەسخىرىنى ئاڭلاپ، ئىچى پۇشۇپ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي ئاخىرى «مورا تۇۋىدىن، نۇ گاي بېغىدىن» ئورۇن ئاپتۇ. موللايى خاتىپنىڭ بۇ رەسۋالىقى جامائەت

(داۋامى 29-بەتتە)

# بەگۋشى بىنارى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ شاپائىتىدىن خەلقى باياشات، يۇرتى ئاۋات، ئامانىكەن. پادىشاھنىڭ ئارزۇلاپ باققان بىرلا ئوغلى بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى بەگۋشى بىنارى ئىكەن.

بەگۋشى بىنارى توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى پادىشاھ ئوغلى ئۈچۈن يەتتە ئىقلىمنىڭ ھۈنەرۋەن-ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، بىر گۈزەل باغ بىنا قىلدۇرغانىكەن.

باققا دۇنيادىكى بارلىق گۈل-گىياھ پەرۋىشچىلىرىنى يىغىپ، رەڭگا رەڭ گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا شۇنداق كارامەت بىر راۋاق سالدۇرۇپتىكى، تاملىرى مەرمەردىن، تۈۋرۈكلىرى ئالتۇندىن، نەقىشلىرى لەئىل-ياقۇتتىن ئىكەن. بۇ راۋاقنى بىر كۆرگەن كىشى ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ، ئەقلى ھۇشىنى يوقىتىپ قويىدىكەن.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ دانا، ئەقىللىق دۆلەت ئەربابى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى كۆزلەپ بۇ باغقا نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىنى يىغىپتۇ.

بەگۋشى بىنارى نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، كۈنلەپ، ئايلاپ ئويناپ، كۈنلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇنىڭغا بېشى بەكمۇ قېتىپتۇ. ئوغلىنىڭ كېيىنلىكى ھەققىدە كېچە-كۈندۈز خىيال قىلىپ، غەم يەپ، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پادىشاھنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ھېچقانداق داۋا ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

بەگۋشى بىنارى ئانىسى گۈلى شەمشە بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنى باشقۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ بولغان بەگۋشى بىنارى قىرىق ئاغىنە تۇتۇپ، غەم-قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاغىنىلىرى بىلەن ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىپتۇ. كۈنلەپ، ئايلاپ، ئوردىغا كىرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئانىسى گۈلى شەمشىنىڭ بېشى قېتىپ ئوغلىدىن قايغۇرۇپ كۆزىدىن يېشى قۇرۇماپتۇ.

بەگۋشى بىنارى جاھاندىن بىخەۋەر غەزىنىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى قىرىق دوستى بىلەن يەپ-ئىچىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. ئاقىۋەتتە ئانىسى گۈلى شەمشە بىلەن ئىككىسى تېرىغان تىككەندەك يالغۇز قاپتۇ. ۋەزىر، ئەمىرلەشكەرلەر بىر-بىرلەپ ياقا-يۇرتلارغا كېتىشىپ قاپتۇ. بەگۋشى بىنارى بىلەن ئانىسى ئىككىيلەن بىر لوقما تائام يېمەي يەتتە كېچە-كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەگۋشى بىنارى قىلغان-ئەتكەن ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ئانىسىغا:

— ئى مېھرى شەپقەتلىك ئانا، بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى، بىرەر لوقما تائام يېمىدۇق. مەن دوستلىرىمدىن بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئازراق يەيدىغان بىر نەرسە تېپىپ كېلەي — دەپتۇ. ئانىسى رازىمەنلىك بىلدۈرۈپتۇ. بەگۋشى بىنارى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارسا ئاغىنىسى پولونى ئۇسۇپ يېيىشكە تەييارلىنىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بەگۋشى بىنارنىڭ ئىشىكتىن كىرگىنىنى كۆرۈپ دوستىنىڭ ئايالى ئاشنى قازانغا ئالدىراپ تۆكۈۋېتىپتۇ. دوستى كەچ كىرگىچە بەگۋشى بىنارنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. خۇپتەن بولغاندا بىر لوقما تائامغا ئېرىشەلمىگەن بەگۋشى بىنارى ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ

كەپتۇ. ئاخىرى ئۇيان ئۆيلاپ-بۇيان ئويلاپ، مال بىساتىم كۆپ چاغدا ئۇلارمۇ تەلەك خەجلىشىپ بەرگەن ئىدى. قىرىق ئاغىنەمنىڭ بىرەرسىدىن بىر ۋاقلىق تاماق يەپ كەلسەم ئەجەپ ئەمەس دەپ يەنە بىر ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئاغىنىسى ئۇنى كۆرۈپ تونۇماسقا سېلىپ ئىشىك-تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەتتە كۈن ئىچىدە قىرىق ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەي ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ.

بەگۈشى بىنارى ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپ كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي خىيال قىلىپ ئانىسى گۈلى شەمشىگە:

— ئى ئۇلۇغ ئانا مېنى قانچە جازاغا تارتسىڭىزمۇ ئازلىق قىلىدۇ. مېنىڭ سەۋەبىمدىن بىز مۇشۇ ھالغا قالدۇق. ئەمدى سىز قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر ئاز پۇل ئۆتنە ئېلىپ كەلسىڭىز. كېرەملىك شاھ ئاتامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بېرەر، — دەپ قازىنىڭ ئۆيىگە بۇيرۇپتۇ.

ئانىسى گۈلى شەمشە ماقۇل بولۇپ، قازىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئاش پىشىم يول ماڭغاندىن كېيىن قازىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ. قازى ئۆيدىن چىقىپ پادىشاھنىڭ ئىززەتلىك خانىشى گۈلى شەمشىنى كۆرۈپتۇ. قازى ئىززەت-ئىكرام بىلەن سالام بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. مۇلازىملىرى گۈلى شەمشەنىڭ ئالدىغا داستىخان ھازىرلاپ تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەرنى كەلتۈرۈپ، چاي قۇيۇپتۇ خانىش گۈلى شەمشە تائاملارنى ھوزۇرلىنىپ يەۋېتىپ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ قۇيۇلۇپتۇ. قازى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سىلىنى بۇنچىلىك يىغلاتقۇدەك قايسى بىئەدەپنىڭ يامان كۆزى تەگدىكىن؟ تېز ئېيتسىلا، كېرەملىك شاھىمنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. نېمە مەقسەتلىرى بولسا تارتىنماي ئېيتسىلا، — دەپتۇ قازى قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ئى قازىم ئوغلۇم شىكارغا چىققان يېرىدە غەزنىنىڭ ئاچقۇچىنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئىكەن. ئانا-بالا ناشتىسىز ئولتۇرغىلى بۈگۈن نەچچە كۈن بولدى. بۇ كۈنگىچە ئاچقۇچ تېپىلمىدى، ئوغلۇم «قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ، مىڭ تىللا ئۆتنە بەرسۇن. مۇشۇ پۇلغا ئاچقۇچ ياسىتىپ، غەزنىنى ئاچايلى» دېۋىدى شۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىنىڭ قېشلىرىغا كېلىۋىدىم، — دەپتۇ. قازى مىڭ تىللا بېرىپتۇ. گۈلى شەمشە مىڭ تىللانى ئەكىلىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ. بەگۈشى بىنارى مىڭ تىللاغا قىرىق خېچىرغا لىپمۇ-لىق مال ئارتىپ ئۈچ غۇلامنى ئېلىپ كەپتۇ. ئانىسى گۈلى شەمسە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئازراق پۇل بىلەن ئانىسىنى قالدۇرۇپ، كېچىلەپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ ئۈچ ئاچىماق بىر يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قاپتۇ. ھەر بىر يولنىڭ دوقمۇشىدا «بارسا كېلەر»، «بارسا كەلمەس»، «بارسا كېلەر يا كەلمەس» دېگەن خەتلەر يېزىقلىق ئىكەن.

بەگۈشى بىنارى خېچىرلارنى قامچىلاپ «بارسە كەلمەس» يولغا قاراپ راۋان بولۇپتۇ. بەگۈشى بىنارى بىر كۆزى ئارقىسىدا بىر كۆزى ئالدىدا، قازى بىلىپ قالسا مىڭ تىللانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ مېنى شەرمەندە قىلارمۇ دېگەن غەم-ئەندىشە بىلەن كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، قوي-كاللار ئوتلاپ تۇرغان يايلاقتىكى بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۈچ غۇلام مۇشۇ يەردە چۈشسىدىغان ئوخشايمىز دەپ ئويلىغانىكەن. بەگۈشى بىنارى ئىلگىرىكىدەك بىر كۆزى ئالدىدا بىر كۆزى ئارقىدا توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. غۇلاملار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۈچ غۇلام بەگۈشى بىنارىغا:

— ئى بەگۈشى بىنارى، مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئېلىپ خېچىرلارنى تويغۇزۇپ ئاندىن ماڭغان بولساق؟ — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارى ھېچ نەرسە دېمەي مېڭىۋېرىپتۇ. ئۈچ غۇلام:

— ئەي بەگۈشى بىنارى، سىز ماڭغاچ تۇرۇڭ. بىز قېچىرلارنى تويغۇزۇپ، ئارقىڭىزدىن بارايلى. قېچىرلار بىر چاينام ئوت يېمىگىلى ئون بەش كېچە-كۈندۈز بولدى. ئاچلىقتىن يىقىلىپ يېتىۋالغىلى تۇردى. بىز قويۇپ بېرەلمەي ھاردۇق. مۇشۇنداق يەنە بىر نەچچە كۈن ماڭساق قېچىرلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، — دەپ ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. بەگۈشى بىنارى ئامالسىز ماقۇل بولۇپ شۇ بۇلاق بېشىغا چۈشۈپتۇ. ئۈچ غولام چېدىرلارنى تىكلەپ، چاي قاينىتىپ بەگۈشى بىنارىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپتۇ. ئۇلار ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىپتۇ. ئېغىر ھاردۇق يەتكەن ئۈچ غولام ئولتۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بەگۈشى بىنارى شۇ ئولتۇرغانچە ئۈچ كېچە-كۈندۈزنى كۆزنى يولدىن ئۈزمەي ئۆتكۈزۈپتۇ. تۆتىنچى كۈنى بەگۈشى بىنارى يۈكلەرنى ئارتىپ يولغا راۋان بولاي دەپ تۇرغاندا ئارقا تاغ تەرەپتىن يەر-ئاسماننى لەرزىگە سېلىپ ھەيۋەت بىلەن بىر ئاتلىق قېلىچ ئوينىتىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقىدەك ئارىنۇدەك بولسا، ھېلىقى ئاتلىقنىڭ ئېتى قىرىق لوزەڭگۈلۈك، يايلىسى يەتمىش ئىككى خىل رەڭدە، ئىگەر-جابدۇقلىرى ئۈنچە-مەرۋايىت، ئالتۇن، كۈمۈشلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، قارىسا كۆز قاماشتۇراركەن. ئىگەرنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ھەم چەۋەندازنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ، زېمىنگە تال-تال نۇرلىرىنى سېپىپ تۇرغان كۈنمۇ خىجىل بولۇپ، چىملىدىقىغا كىرىپ كېتىدىكەن. ھېلىقى ئاتلىقنىڭ ئېتىنىڭ تۇۋۇقى يەرنى قىرىق گەز ئويۇن چىقىدىكەن، ئېتىنىڭ كىشنەشلىرىدىن ئاجىز ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كېتىدىكەن. ئەمما بۇ ئات قاتتىق غەزەپلەنمىسە كىشنىمەيدىكەن. ھېلىقى ئاتلىق كىشى دەرۋازىنىڭ قانىتىدەك چوڭلۇقتا بىر مىسران قىلىچنى گاھ ئوڭ قولىدا ئاسمانغا ئېتىپ سول قولىدا تۇتۇپ، گاھ سول قولىدا ئاسمانغا ئېتىپ ئوڭ قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ كەيگەن كىيىملىرىمۇ يەتمىش ئىككى تۇستە بولۇپ، بەگۈشى بىنارى ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قاپتۇ. ئۈچ غولام ئۇنى يۆلەپ ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئى بەگۈشى بىنارى سەن ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشمىكىڭ ۋاجىپتۇر، — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارنىڭ تەنلىرى ياپراقتەك تىترەپ تۇرسىمۇ ئۈچ غولامنىڭ ياردىمىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ سالام بېجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئى چەۋەنداز، قاياققا كېتىۋاتىسىز؟ ئىسمى كالامىڭىز نېمە بولىدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم ۋادەرىخ، قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمەي كەلسە-كەلمەس ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنمەن. سىلەر قاياققا كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئاتلىق كىشى. بەگۈشى بىنارى ئەس-ھوشىنى يىغىپ:

— ئىسمىم بەگۈشى بىنارى. بۇ سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى شەھەرگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ۋادەرىخ بەگۈشى بىنارىغا:

— ئى ئاكا، مېنىمۇ قوشۇۋالامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بەگۈشى بىنارى لام-جىم دېمەي تۇرۇپتۇ. ۋادەرىخ:

— ئاكا دەسمايەڭ مىڭ تىللا ئىكەن، ئىككەيلەن بىرلىشىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، تاپقان پايدىنى تەڭ ئۈلەشەيلى، — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارى ئۆزىدىكى دەسمايىنىڭ مىڭ تىللا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ نەدىن بىلىۋالغانلىقىغا ئەقلى يەتمەي، بۇنىڭدا بىرەر كارامەت بار ئوخشايدۇ. قوشسامىمۇ قوشۇۋالاي دەپ ئويلاپتۇ-دە، ماقۇل بولۇپتۇ. ئاندىن بەگۈشى بىنارى:

— بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرساق بولمايدۇ. يولغا چىقىپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

— ئاكا يولغا چىقساق چىقايلى، يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال سېنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام بېجىرىپ كەلسەڭ، — دەپتۇ ۋادەرىخ:

— بىز تۇرىۋاتقان بۇلاق بېشىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بىر توشقان چىغىر يولى بار. مۇشۇ يول بىلەن ئۈچ كۈن ماڭساڭ ئاسمانغا تاقاشقان بىر تاغنى كۆرىسەن. يەنە بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن يېتىپ بارىسەن. ئۇ تاغدا ھېچقانداق ئادەمزات يوق. تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر گۈمبەز بار. گۈمبەزنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىدىن ئىچىگە قارايدىغان بولساڭ ئىشىكى قولۇپلانغان بىر ئوردا بار. ئوردىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ھەرگىز بارما، تاملىرىنى تۇتما، ئەگەر تاملىرى كىيىمىڭگە سۈركىلىپ كەتسە دىۋىلەر ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئويغىنىپ كېتىپ جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرمەي يەنە بىر ئاش پىشىم ماڭساڭ، تاغنىڭ تۈۋىدە ئۈچ تۈپ چىنار بار، ئوتتۇرىدىكى كاشكانە پىلەك چىناردا بىر ئالتۇن قەپەز ئېسىقلىق، ئالتۇن قەپەز ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس ناھايىتى چىرايلىق بىر مەلىكە بار. شۇ مەلىكىنى ئېلىپ كەلگىن. بۇ مەلىكە بىز سودىگەرچىلىك قىلغىلى بارىدىغان شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى ماھتابان بولىدۇ. بۇ قىزنى دىۋىلەر ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئېلىپ قېچىپ ئۇ يەرگە قامىۋەتكەن، مەلىكىنىڭ شۇنداق ئېسىقلىق تۇرغىنىغا يىگىرمە يەتتە يىل بولدى. دىۋىلەر پادىشاھى مەلىكىنى ھەر كۈنى كەچتە كۆرگىلى چىقىدۇ. ھازىر دىۋىلەرنىڭ ئۇخلاش مەزگىلى، دىۋىلەر بىر ئۇخلىغانچە قىرىق كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ھازىر ئوتتۇز تۆتىنچى كۈنى بولدى، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن دىۋىلەر ئويغىنىدۇ. ئۇلار ئۇخلاشتىن بۇرۇن يېتىپ بارالمىساڭ قىزنى قۇتقۇزالمايسەن. قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەنە بىر يىل ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. پادىشاھ قىزى ماھتاباننىڭ دەردىدە كۆپ يىغلاپ، كۆزى كور بولاي دەپ قالدى. بىز ماھتاباننى پادىشاھنىڭ قولىغا تاپشۇرساق پادىشاھ كۆپ ئالتۇن-كۈمۈش ئىنئام قىلىدۇ. ئەمما سەن ئۇدۇل بېرىپ قەپەزنى تۇتساڭ دىۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ سېنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. سەن ئاۋۋال چىنار تۈۋىگە بارماي، تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ماڭساڭ بىر ئۆڭكۈر كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۆڭكۈر ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ قارىساڭ تېنىڭ ئەيمىنىپ، قورقۇپ تىۋلاپ سالىسەن، ھەرگىز تىۋلىماي ئاغزىڭنى چىڭ ئېتىۋېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىۋەرگىن. ئۆڭكۈردە خىلمۇ-خىل نەغمە-ناۋالار ئاڭلىنىدۇ، ھايۋانلارنىڭ بەدبەشىرە قىياپەتلىرى كۆزۈڭگە كۆرۈنىدۇ. ئەگەر سەن تىۋلاپ سالساڭ شۇ ھامان ياۋا تۈڭگۈزغا ئايلىنىپ كېتىسەن؛ دىۋىلەر سېنى مىنىپ ئات ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. تاغدا مۇشۇنداق ياۋا تۈڭگۈزلارنى كۆپ كۆرىسەن. ئۇلارمۇ شۇ مەلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەزىمەتلەردۇر. شۇنداق كىرىمەڭ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىدە قەپەزدە ئۈنلەپ تۇرىدىغان بىر دەمدە بار. دەمدە شۇنداق يېقىملىق سايرايدۇكى، ئۇنىڭ سايرىشىدىن گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ، يەر-ئاسماندىكى كۈللى مەخلۇق ئۇنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت تىلەپ، ھەممە سانا ئوقۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەيلىرى شۇنداق چىرايلىقكى، يەتمىش ئىككى خىل رەڭدە يېنىپ كىشىنىڭ ئەقلى ھوشىنى لال قىلىدۇ. سەن بېرىپلا دەمدەنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەت. ئەگەر ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزمىسەڭ سېنىڭ بۇ يەرگە تىرىك قايتىپ كېلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس،-دەپ بەگۈشى بىنارىنى ئۆزىنىڭ مىنگەن ئېتىغا مىنگۈزۈپ، مىسران قىلىچىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بەگۈشى بىنارى مىسران قىلىچىنى ئويىنىتىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. بەگۈشى بىنارى بىر كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە بىر تۈپ ھاشار چۈمۈلىسىنىڭ مەشرەپ ئوينىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. كەچ بولغاندا چۈمۈلە پادىشاھى:

— ئى ئادەمزات، سېنىڭ ئىشىڭ يوق

بىكار ئادەممۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بەگۇشى بىنارى چۈمۈلە پادىشاھسىغا:

— تەخسىر، مېنىڭ ئىشىم بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. سېنىڭ خەلقلىرىڭ بەك ئۇششاق ئىكەن. ئىچىمنىڭ تۈۋىدە بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتمىسۇن. سىلەر مەشرەپ ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يولۇمغا راۋان بولاي دېگەن ئىدىم، — دەپتۇ.

چۈمۈلە پادىشاسى چۈمۈلىنىڭ بىر پارچە قۇرۇق ئۇستىخىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ-دە:

— ئى ئادىمىزات، سېنىڭ بېشىڭغا كۈن چۈشسە مۇشۇ قېرىندىشىمنىڭ ئۇستىخىنى كۆيدۈرسەڭ بىز شۇ يەرگە ھازىر بولۇپ، مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلغايمىز، — دەپتۇ. بەگۇشى بىنارى چۈمۈلىنىڭ ئۇستىخىنىنى پۈتىسىغا تۈگۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر كىچە يول مېڭىپ ئەتىسى كۈن چېچىلغاندا بىر جايغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بىر توپ چاشقانلار مەشرەپ ئويناۋاتقىدەك. بەگۇشى بىنارى يەنە بىر كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. كەچ بولغاندا چاشقانلار پادىشاھى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئى ئادىمىزات سېنىڭ ئىشىڭ يوق بىكار ئادەممۇسەن؟

— مېنىڭ ئىشىم زۆرۈر ئىدى. سېنىڭ قەۋمىڭ بەك ئۇششاق ئىكەن. ئىچىمنىڭ تۈۋىدە ئۆلۈپ كەتمىسۇن، مەشرەپ ئويناپ بولغاندا ئاندىن ماڭاي دەپ قاراپ تۇردۇم، — دەپتۇ بەگۇشى بىنارى.

چاشقانلارنىڭ پادىشاھى بۇنى ئاڭلاپ:

— سەن ئالىجاناپ ئىنسان ئىكەنسەن. بىز تاكى ھازىرغىچە بىرەر ئىنساننىڭ سەندەك رەھىمدىللىكىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق. تالاي يىگىتلەرنىڭ ئىچىنىڭ تۈۋىقى ئاستىدا نۇرغۇنلىغان قەۋمى-قېرىنداشلىرىمىز ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھىممىتىڭ ئۈچۈن سېنى تەگرى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي. ئەگەر بىرەر مۈشكۈلاتقا يولۇقساڭ بۇ قېرىنداشىمنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆيدۈرسەڭ بىز شۇئان يېنىڭغا ھازىر بولۇپ مۈشكۈلاتىڭنى ئاسان قىلغايمىز، - دەپ بىر چاشقاننىڭ ئۇستىخىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. يەنە بىر نەچچە نەۋكەرنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇپتۇ. بەگۇشى بىنارى كۆپ سۆيۈنۈپ، ئۇستىخاننى پۈتىسىغا تۈگۈپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. چاشقان نەۋكەرلەر بەگۇشى بىنارىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپ دېۋىلەر شەھىرىگە يېقىن بىر جايغا ئەكىلىپ قويۇپ، خوشلىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

بەگۇشى بىنارى ئۈچ كۈن بولغاندا بىر تاغنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. تاغقا سىنچىلاپ قارىغان ئىكەن، ئاسمانپەلەك ئۆسۈپ كەتكەن ئۈچ توپ چىنارنى، ئوتتۇرىسىدىكى بىر توپ چىنارنىڭ ئۈزە شېخىدا بىر ئالتۇن قەپەز ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئالتۇن قەپەزدە كۆزلىرى بولاقتەك، قاشلىرى قىياقتەك، لەۋلىرى چىنەستەدەك، چېھرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بىر مەلىكە سولاقلىق تۇرغۇدەك. بەگۇشى بىنارى مەلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكىگە ئىشقى ئوتى تۇتۇشۇپ، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ يىتىپ قاپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ھوشىغا كېلىپ ۋادەرىخ ئېيتقان غارغا قاراپ راۋان بولۇپتۇ. چىڭقى چۈش بولغاندا غار ئاغزىغا كەپتۇ. غارنىڭ ئىشىكى بەگۇشى بىنارىنىڭ ھىددىنىڭ تەسىرىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بەگۇشى بىنارى ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنداق گۈزەل قىزلار ئۇسسۇل ئويناپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تارتىپتۇ. ئەمما بەگۇشى بىنارى بىخارامان مېڭىۋېرىپتۇ. شۇنداق مېڭىپ بىر جايغا بارغاندا قىرىق كۆزلۈك، توققۇز مۈڭگۈزلۈك، بەد-بەشرە بىر مەخلۇق ئاندىن تۇغما ھالەتتە قاتتىق ۋارقىراپ بەگۇشى بىنارىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ چىقىرىشىدىن ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرى قاتتىق سىلكىنىپ تىترەپ كېتىپتۇ. بەگۇشى بىنارى قورقۇپ ئۆلەيلا دەپ قاپتۇ. ئەمما چىشىنى چىشلەپ، ۋارقىرىماي مىسران قىلىچىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە

كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا شىر، يولۋاسلار ئۆزىگە خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك. بەگۈشى بىنارى ئۇلار بىلەن بىر ئاش پىشىم قاتتىق ئېلىشىپ ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن قەپەزگە سولاقلىق تۇرغان دەمدەمنىڭ قېشىغا كەپتۇ. دەمدەمنىڭ چىرايلىقلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈشكە كۆڭلى ئۇنىماي دەمدەمنى قوينىغا سېلىپ مېڭىۋېرىپتۇ. بەگۈشى بىنارى غاردىن چىقىپ ئۇدۇل چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپتۇ ۋە چىنارنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ قىلىچ بىلەن چىنارغا قارىتىپ:

— بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، ۋادەرىخنىڭ قولى! — دەپ قىلىچنى چىنارغا قارىتىپ ئۇرغان ئىكەن، قىلىچ سۇنى كەسكەندەك چىنارنى كېسىپ تاشلاپتۇ. چىنارنىڭ شېخى گۈلدۈرلەپ ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئالتۇن قەپەزنى چىناردىن ئاجرىتىپ، قەپەزنى چېقىپ مەلىكىنى ئازات قىلىپتۇ. بەگۈشى بىنارى مەلىكىنى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، بىر قولىدا قىلىچنى تۇتۇپ، بىر كۆڭلۈك يولنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بېسىپ، شامالدەك كېتىۋاتسا، ئارقا تەرەپتىن بىر شەپە پەيدا بولۇپتۇ. ئارقىسىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، گۈلدۈر-گۈلدۈر، قاراس-قۇرۇس ئاۋازلار ئالەمنى تىترىتىپ بىر نەرسىلەر كېلىۋاتقىدەك. ئەسلىدە دىۋىلەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانىكەن. مەلىكە بۇنى سېزىپ قاپتۇ-دە، بەگۈشى بىنارىغا:

— ئى يىگىت، سىز قەيەردىن كەلگەن؟ — سوراپتۇ.

— مەن سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ شەھىرىگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېتىۋاتاتتىم. مېنىڭ بىر ئىنىم بار ئىدى. ئۇ سىزنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىغانىدى. شۇڭا بۇ يەرگە سىزنى قۇتقۇزغىلى كەلگەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بەگۈشى بىنارى.

— ئۇنداق بولسا دەمدەمنىڭ بوينىنى دەرھال ئۈزۈڭ، دەمدەمنىڭ بوينىنى ئۈزمىسىڭىز، دىۋىلەر بىزنى ساق قويمايدۇ. دىۋىنىڭ جېنى مۇشۇ دەمدەمدە. دەمدەمنىڭ بوينىنى ئۈزسىڭىز شۇ ھامان دىۋىلەر ئۆلىدۇ. بىز شەھىرىمىزگە ئامان ئېسەن يېتىپ بارالايمىز، — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارى دەمدەمنىڭ بوينىنى ئۈزۈشكە كۆزى قىيماي ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماپتۇ. ئارقا تەرەپتىن تومەنمىڭ دىۋىلەر قوغلاپ يېتەيلا دەپ قاپتۇ.

— ئى يىگىت، دەمدەمنىڭ بوينىنى دەرھال ئۈزۈڭ، بىز دىۋىلەرنىڭ قولىغا چۈشەي دەپ قالدۇق، — دەپ يىلىنىپتۇ مەلىكە. بەگۈشى بىنارى يەنە قۇلاق سالماپتۇ. شۇ زامان دىۋىلەر ئارقىسىدىن يېتىپ، ئۇلارنى بېشىغا قىلىچ ئۇرغىلى تەييارلانغاندا، مەلىكە:

— ئى يىگىت دەمدەمنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارى ئامالسىز دەمدەمنى قوينىدىن ئېلىشى بىلەن مەلىكە ئۇنىڭدىن دەمدەمنى تالىشىپتۇ. دىۋىلەر شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرغان ئىكەن، قىلىچ ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ بولغۇچە بەگۈشى بىنارى چەبدەسلىك بىلەن دەمدەمنىڭ بېشىنى ئىككەرنىڭ قوشىپشىدا قويۇپ، بوينىنى كېسىۋېتىپتۇ. دەمدەمنىڭ بوينى كېسىلگەن ھامان دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى تۇرغان يېرىدە جان ئۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ ھېلىقى بۇلاق بېشىغا كېلىپ ۋادەرىخ ۋە ئۈچ غۇلام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشىپ بىرنەچچە كۈن شۇ جايدا تۇرۇپ قاپتۇ. ۋادەرىخ:

— ئى ئاكا، سەن دەمدەمنىڭ بوينىنى ئۈزمەي، جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قاپسەن، نېمىشقا دەمدەمنىڭ بوينىنى دەستلەپتىلا ئۈزۈۋەتمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئۇ دەمدە بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. بوينىنى ئۈزگىلى كۆڭلۈم قىيمىغان ئىدى، —

دەپتۇ بەگۈشى بىنارى.

— ئى ئاكا، ئەگەر قېرىنداش بولار بولساق مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىل، بولمىسا بىز زىيان تارتىپ قالىمىز، — دەپتۇ ۋادەرىخ.

ئۇلار يۈكلىرىنى ئارتىپ قىزنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپ ئۈتتۈز توققۇز كېچە-كۈندۈز جاپالىق يول يۈرۈپ مەلىكىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر دۇكاننى سېتىۋېلىپ، يۈك تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، شۇ يەردە ھاردۇقىنى ئاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە دۇكاننى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئىچىدىن تېپىلمايدىغان كېيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت، نەرسە كېرەكلەرنى دۇكانغا ساپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئاڭلىمىغانلارغا ئاڭلىتىپ، ئاڭلىغانلارنى ئالدىرىتىپ ھەش-پەش دېگۈچە دۇكاننىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشۇپتۇ.

بۇ شەھەرگە گاھى ئالتە ئايدا، گاھى ئالتە يىلدا بىر قېتىم سودىگەرلەر كېلىپ ماللىرىنى سېتىپ كېتىدىكەن. بۇ يۇرت خەلقى يەنە بىر سودىگەر كەلگۈچە يەتكۈچىلىك سودىلىقنى قىلىۋالىدىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ خانىشى يېڭى كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى تۇرغاندا، مەلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ مالنىمۇ كۆرمەي ئوردىغان قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ دۇكانغا مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسىمۇ مال ئالغىلى كېلىپ مەلىكىنى تونۇپ قاپتۇ. مەلىكىنىڭ مەڭزىدە چولپان يۇلتۇزىدەك بىر مەڭ بار ئىكەن. ئىنىكئانا ئالغان ماللىرىنى قويۇپ قويۇپ، «پۇلۇم كاملاپ قالدىكەن، ئۆيگە بېرىپ پۇل ئېلىپ كېلەي» دەپ ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

— ئى پادىشاھى ئالەم سىلىگە بىر خوشخەۋەر بار، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ ئىنىكئانا، — يىگىرمە يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا غايىپ بولغان قىزلىرى مەلىكە ماھتابان يېڭى كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن بىللە سودا قىلىپ ئولتۇرىدۇ. مەن ئۇنى كۆكرەك قەپىزىمنى يېرىپ ئۇخچۇپ چىققان سۈتۈمدىن تونۇدۇم، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋە خانىش قارىسا دېگەندەك ئىنىكئانىنىڭ كۆكسىدىن سۈت ئېقىۋاتقۇدەك.

— ئەگەر بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىسىلە خانىشنىڭ كۆكسىگىمۇ قاراپ باقسىلا؟ — دەپتۇ. پادىشاھ خانىشنىڭ كۆكسىنى ئېچىپ كۆرگەن ئىكەن، راست، خانىشنىڭ كۆكسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ سۈت تېمىپ تۇرغىدەك، پادىشاھ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ۋەزىر ياساۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ قىزغا سىنچىلاپ قاراپ راست ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ، پادىشاھ ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنى كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

كەچتە سودىگەرلەر دۇكاننى بالدۇر يىغىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپتۇ. پادىشاھ ئىززەت ئىكرام بىلەن سودىگەرلەرنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. سودىگەرلەر غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، قىزغىن سۆھبەت بولىۋاتقاندا بەگۈشى بىنارى پادىشاھقا:

— كېرەملىك شاھىم، بۇ قىزنى بىز دىۋىلەر شەھىرىدىن قۇتقۇزۇپ ئەكەلگەن ئىدۇق. ئاڭلىشىمچە بۇ قىز سىلىنىڭ قىزلىرى ئىكەن. بىز قىزنى سىلىنىڭ ئۆز قوللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى دەپ ئويلاشقان ئىدۇق، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ خوشلىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مۇشۇ خوشخەۋەر ئۈچۈن پۈتۈن يۇرت خەلقىگە ئويۇن-تاماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ سودىگەرلەرگە كاتتا تونلارنى يېپىپتۇ ۋە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— قەدىرلىك سودىگەرلەر، سىلەر ماڭا ھاياتلىق بەردىڭلار. ئەگەر سىلەر قىزىمنى قۇتقۇزۇپ كەلمىگەن بولساڭلار، قىزىمنىڭ دەردىدە ئاز كۈن ئىچىدە كۆزۈم كور بولۇپ قالار ئىدى. ئەمدى پادىشاھلىقىمنىڭ ماڭا

كىرىكى يوق. سىلەرگە پادىشاھلىقىمنى بېرەي بىرىنچىلارغا قىزىم ماھى تابانىنى نىكاھلاپ بېرەي، — دەپتۇ. ۋادەرىخ پادىشاھقا ئىگىلىپ تۇرۇپ:

— كېرەملىك شاھىم، خانلىقلىرى ئۆزلىرىگە قالسۇن. قىزلىرى ماھىتابانىنى ئاكام بەگۇشى بىنارىغا نىكاھلاپ بەرسىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا ئۆتكۈزۈپ، نىكاھ ئوقۇغۇلى قويۇقاندا:

— ۋادەرىخ، سەن مېنى بۇ خىزمەتكە بۇيرىمىغان بولساڭ بۇ قىزنى مەن قۇتقۇزۇپ كېلەلمەيتتىم. شۇڭا بۇ قىزنى سەن ئالغىن، — دەپتۇ بەگۇشى بىنارى.

— بۇ قىزنى سەن قۇتقۇزۇپ كەلدىڭ، سەن مەندىن چوڭ بولغاندىكىن سەن ئالغىن، — دەپتۇ ۋادەرىخ بەگۇشى بىنارىغا. ئىككەيلەن بىرلىككە كېلەلمەي ئۈچ كېچە-كۈندۈز تالاش-تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن مەلىكىنى بەگۇشى بىنارىغا نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ. سودىگەرلەر بۇ شەھەردە بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن يول تەييارلىقىنى قىلىپ، يۇرت خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، مەلىكە ماھىتابانىنى ئېلىپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پادىشاھ سودىگەرلەرگە بەش يۈز قېچىر ئالتۇن-كۈمۈش، سوۋغا قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار كۆپ يول مېڭىپ ئىلگىرىكى بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەپتۇ. قېچىردىكى يۈكلەرنى شۇ يەرگە چۈشۈرۈپ، قېچىرلارنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، شۇ يەردە بىر نەچچە كۈن ئارام ئاپتۇ. ۋادەرىخ بەگۇشى بىنارىغا:

— ئاكا مەن ئەمدى كەلگەن يولۇمغا قايتىپ كېتەي، — دەپتۇ. بەگۇشى بىنارى ئۆزى بىللە تۇرۇشنى دەۋەت قىلىپ ئۇنىڭ كېتىشىگە قوشۇلماپتۇ. ۋادەرىخمۇ ئاكىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلماپتۇ. ئاخىرى بەگۇشى بىنارى ۋادەرىخكە:

— ئۇكام، بۇ خوتۇننى مەن ئالدىم.

بايلىقلارنى تەڭ بۆلۈشسەك سىزگە ئۇۋالچىلىق بولغۇدەك. بۇ بايلىقلارنى بۇ ئۈچ غۇلام شەھەرىڭىزگە ئاپىرىپ بېرىپ كەلسۇن، — دەپتۇ. ۋادەرىخ بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. ئۇلار تالاش-تارتىش قىلىشىپ بىر-بىرىنىڭ گېپىگە قوشۇلماي، ۋادەرىخ ئۆزى كەلگەن يول بىلەن ئېتىنى مىنىپ، قېلىچىنى ئويىنىتىپ كېتىپ قاپتۇ. بەگۇشى بىنارى ۋادەرىخ كەتكەن يولغا قاراپ تۇرغىنىدا ئۈچ خىزمەتچى:

— ئى بەگۇشى بىنارى ئىسمىڭىز بەگۇشى ئىكەن ئۆزىڭىز بەگۇشى ئىكەنسەن، ۋادەرىخ يول كۆرسەتمىگەن بولسا شۇ قىزنى ئېلىپ بۇنداق كۆپ دۇنيا تېپىشىڭ مۇمكىنمىدى؟ سەن ۋادەرىخنى تېپىپ بۇ ماللارنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغىن. بولمىسا ئادىمىگەرچىلىك قىلمىغان بولىسەن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بەگۇشى بىنارى ئۇلارنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ بەش يۈز قېچىر مالنى ئېلىپ ۋادەرىخنى ئىزلەپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا مىڭ مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ بىر جايغا كېلىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ھەيۋەتلىك يەتتە قات سېپىل كۆرۈنۈپتۇ. سېپىلنىڭ تاملىرى ئالتۇندىن، تۈۋرۈكى مەرمەردىن ئىكەن. ۋادەرىخنىڭ ئىزى مۇشۇ سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ. بەگۇشى بىنارى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قارىماق بولغاندا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپتۇ ۋە بەگۇشى بىنارىغا:

— ئى ئوغلۇم، قولۇڭنى تارت، بۇ جاي پەرىزاتلارنىڭ يۇرتىدۇر. ئادىمىزات ھىدى كەلسە، ئۇلار دەرھال ئېيىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. سەن نېمە مەقسەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بەگۇشى بىنارى بوۋايغا بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي بەگۇشى بىنارىغا:

— بۇ يەردىن ئازراق ماڭساڭ بىر گۈمبەز بار. سەن شۇ گۈمبەز ئىچىگە كىرسەڭ ناھايىتى چوڭ بىر يىلان ئۇخلاۋاتقانلىقىنى

كۆرسەن. تۇيدۇرماي بېرىپ يىلاننى چېپىۋەت. يىلاننىڭ يېنىدا بىر مەرمەر كوزا بار. يىلان شۇ مەرمەر كوزىنى كېچە-كۈندۈز ساقلايدۇ. پەرىزاتلارنىڭ جېنى شۇ مەرمەر كوزىدا، يىلان بۈگۈن قاتتىق ئۇيقىدا، يىلاننى چېپىۋېتىپ مەرمەر كوزىنى دەرھال قولۇڭغا ئېلىۋال، ئۇششاق يىلانلار ئويغىنىپ ساڭا قاتتىق خىرىس قىلىدۇ. سەن ئۇلاردىن ھەرگىز قورقما، قىلچە تىترىمە، سەنمۇ ھەيۋەڭنى كۆرسەت. ئۇلار كېيىن ساڭا يىلىنىدۇ. سەن ئالدىراپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتما. كېيىن سەندىن ئۇلار: «نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. جاۋاب بەرمە، ئۇلار ئۈچ قېتىم شۇنداق سورىغاندىن كېيىن ئاندىن سەن مەقسىدىڭنى ئېيتقىن، دېگىنىم بويىچە قىلمىساڭ ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن، — دەپتۇ ۋە دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

بەگۇشى بىنارى ئاق ساقال بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق چوڭ بىر يىلان ئۇخلاۋاتقۇدەك. بەگۇشى بىنارى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يىلاننىڭ قېشىغا بېرىپ، يىلاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا مەرمەر كوزىنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ. تۈمەن مىڭ يىلان بەگۇشى بىنارىغا خىرىس قىلىشقا باشلاپتۇ. بەگۇشى بىنارى قىلچە قورقماي مەرمەر كوزىنى ئېلىپ، گۈمبەزدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. يىلانلار بەگۇشى بىنارىغا يىلىنىپ يالۋۇرۇپ:

— ئى يىگىت، سېنىڭ نېمە مەقسىدىڭ بار؟

— دەپ ئۈچ قېتىم سوراپتۇ. بەگۇشى بىنارى:

— ۋادەرىخنى دەرھال چىقىرىپ بەرمىسەڭلار كوزىنى چېقىۋېتىمەن! — دەپتۇ.

يىلانلار ۋادەرىخنى چىقىرىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپتۇ.

قارىسا ئالدىدا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بىر قىز تۇرغۇدەك. بەگۇشى بىنارى يىلانلارغا:

— مەن سىلەرگە بۇ قىزنى ئەمەس ۋادەرىخنى دېگەنىدىم. سىلەر نېمە ئۈچۈن ۋادەرىخنى چىقىرىپ بەرمەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. يىلانلار قاھ-قاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپ:

— ئى ئادىمزات، بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە ئەركىشى يوق، ئەر كىشىلەر ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن، ۋادەرىخ بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ قىزى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بەگۇشى بىنارى قىزغا:

— ئەي مەھبۇبە دەرھال نىكاھىمغا ئۆت بولمىسا بۇ كوزىنى چېقىپ تاشلايمەن، — دەپ جار سېلىپتۇ. ۋادەرىخ ئامالسىز بەگۇشى بىنارىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە مۇنداق بىر شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

— ئەمدى مەن سېنىڭ نىكاھىڭنى قوبۇل قىلدىم. ئەمما بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ توي قىلىشقا بولمايدۇ. پادىشاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىمنىڭلا بولمىسۇن ئادىمزات بىلەن كۆرۈشۈشى مەنئى قىلىنغان. ئەگەر پادىشاھ ئىككىمىزنىڭ سۆزلىشىپ تۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ قالسا، شۇ ھامان ئىككىلىمىز جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز. سەن بېرىپ شاھ ئاتامنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ كەلگىن. ئوردىغا كىرگەندە ئوردىدا بىر دانە ئالتۇن دۇمباق بار، دۇمباق ئۈستىدە ئالتۇن چوكا بار، شۇ چوكا بىلەن دۇمباقنى قاتتىق ئۇرغىن، بىر قېتىم ئۇرغان چېغىڭدا دادام بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۇرغىنىڭدا سېنىڭ ئالدىڭغا چىقىپ، سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ. سەن قولۇڭنى بەرمىگىن. ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغىنىڭدا «سەن نېمە ئادەم؟» دەپ سورايدۇ. سەن ئۆز مەقسىتىڭنى ئېيتقىن دادام نېمە دېسە، شۇنى ئاڭلاپ مېنىڭ قېشىمغا چىققىن، — دەپتۇ.

بەگۇشى بىنارى ۋادەرىخنىڭ دېگىنى بويىچە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. كىرىپ ئالتۇن دۇمباقنى ئالتۇن چوكا بىلەن شۇنداق ئۇرغان ئىكەن، پادىشاھ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۇرغاندا ھوشىغا كېلىپ بەگۇشى بىنارىنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغاندا:

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن قىزىڭنى ئالغىلى كەلگەن ئادەممەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەگۇشى بىنارى.

— قىزىمنى ئالغىلى كەلگەن بولساڭ تويلۇق سالىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— پادىشاھ بەگۇشى بىنارىنى غەزىنىنىڭ

ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، بىر چارەك ئالتۇننى تارازىدا تارتىپ، بەگۈشى بىنارىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە تۆكۈپ بېرىپتۇ. بەگۈشى بىنارىنى تۈگمەنگە ئېلىپ بېرىپ، ھېلىقى ئالتۇننى تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قوشلۇق يەرگە چېچىۋېتىپتۇ. ئارقىسىدىن ئۇن قوش كەلتۈرۈپ يەرنى ئاغدۇرىۋېتىپتۇ. ئاندىن بەگۈشى بىنارىغا:

— ئەي يىگىت، سەن قىزىمنى ئالار بولساڭ چېچىۋەتكەن ئالتۇننى بىرمۇ-بىر تېرىپ، بىر مىسقال كام قويماي ماڭا تاپشۇرسەن، ئەگەر بىر مىسقال كام بولسا كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

— بەگۈشى بىنارى «ماقۇل» دەپ ئۇدۇل ۋادەرىخنىڭ ھوجرىسىغا بېرىپ بولغان ئىشلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بۇنىڭ چارىسى ئاساندۇر. چۈمۈلىلەر پادىشاھى بىلەن چاشقانلار پادىشاھى بەرگەن ئۇستىخانلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋادەرىخ. بەگۈشى بىنارى:

— بار، — دەپ يېنىدىن ئۇستىخانلارنى ئېلىپ ۋادەرىخقە بېرىپتۇ. ۋادەرىخ ئۇنى كۆيدۈرگەن ئىكەن چۈمۈلىلەر بىلەن چاشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپ قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ئى ئادىمزات، نېمە مۇشكۈلاتىڭ بار ئىدى؟ خىزمىتىڭگە تەييارمىز؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەگۈشى بىنارى:

— ئى مېنىڭ غەمگۇزارلىرىم، مەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئەمرىمگە ئالماقچى ئىدىم. پادىشاھ بىر چارەك ئالتۇننى ئۇن تارتىپ، يەرگە چېچىۋەتتى. ئاندىن ماڭا بۇ ئالتۇنلارنى بىر مىسقال كام قويماي تېرىپ ماڭا تاپشۇرساڭ قىزىمنى بېرىمەن، بىر مىسقال كام قالسا كاللاڭنى ئالىمەن، — دېدى. ئالتۇننى تېرىشىپ بەرسەڭلار، - دەپتۇ. چاشقانلار بىلەن چۈمۈلىلەر ھەش-پەش دېگۈچە ئالتۇننى تېرىپ بىر يەرگە جەم قىلىپتۇ. بەگۈشى بىنارى ئالتۇننى تارازىدا تارتىپ قارىسا، بىر مىسقالمۇ كام چىقماپتۇ. بەگۈشى بىنارى بۇ ئالتۇنلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ:

— كىبرەمىلىك شاھىم، ئالتۇننى تېرىپ كەلدىم، مانا ئالتۇن، — دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، پادىشاھ ئالتۇننى تارتىپ كۆرگەن ئىكەن، ئارتۇقى يوق، كېمى يوق بىر چارەك كەپتۇ. پادىشاھ يىگىتنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ ۋادەرىخنى بەگۈشى بىنارىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن بەگۈشى بىنارى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ:

— كىبرەمىلىك شاھ ئاتا، قېرىنداشلىرىم مېنى ساقلاپ قالدى، يۇرتۇمغا قايتاي دەيمەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى كۈتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قىرىق خىزمەتچىنى ئۇلارغا قوشۇپ، يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بەگۈشى بىنارى شۇنداق مېڭىپ ئۈچ كۈنلۈك يولنى ھەش-پەش دېگۈچە بېسىپ ھېلىقى بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ۋە ئۈچ خىزمەتچىسى بەگۈشى بىنارىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بەگۈشى بىنارى بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆز يېشى قىلىشىپ، بىرنەچچە كۈن بۇلاق بېشىدا تۇرۇپتۇ. ئاندىن يۈك-تاقلىرىنى ئارتىپ بەگۈشى بىنارىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار كۆپ يول يۈرۈپ، بەگۈشى بىنارىنىڭ شەھىرىگە چۈشۈپتۇ. كەلسە بەگۈشى بىنارىنىڭ ئانىسى گۈلى شەمشە ئوغلىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ، كۆپ يىغلاپ ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. بەگۈشى بىنارى پادىشاھلىقنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، يۇرتنى ئادىل سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە توپا كەنتىدىن **مۇھەممەت ئاخۇن**

توپلىغۇچى: **تۇرانقىز ئابدىراخمان**

# مۇكاپات ۋە جازا رىۋايىتى

بەدۆلەت زامانىسدا قەشقەردە ناھايىتى چوڭ نورۇز مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇراسىمدا ھەرخىل ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلىشىپتۇ.

بىر ياغاچچى ئۇستام ئۇچار ئات ياساپتۇ. ئۇ ئوڭ قۇلىقىنى تارتسا ئۇچۇپتۇ، سول قۇلىقىنى تارتسا چۈشۈپتۇ. ئۇستامنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولغان بەدۆلەت ئون يىپەك بىر پەتنۇس تىللا بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

تۆمۈرچى ئۇستام بىر تۆمۈر ئۆردەك ياساپتۇ. ئۇ تۆمۈر بولسىمۇ سۇدا لەيلەپتۇ. ئۇستىگە ئادەم مىنىپ ئوڭ قانىتىنى تۇتسا سۇدا خۇددى ھايات ئۆردەكتەك ئۈزۈپتۇ. سول قانىتىنى تۇتسا توختاپتۇ. بۇ ئۇستامنىمۇ يۇقىرىقى ئۇستام بىلەن ئوخشاشلا مۇكاپاتلىنىپتۇ.

ئاخىرىدا ئون تال يىڭنە بىلەن بىر قىتىم يىپ كۆتۈرۈۋالغان بىرسى كېلىپ:

— داد پادىشاھى ئالەم، رۇخسەت ئىنايەت قىلسلا، مۇبارەك نەزەرلىرىگە ئاجايىپ ھۈنىرىمنى تەقدىم ئەتسەم، — دەپتۇ.

—قولۇڭدىكى ئون تال يىڭنە بىلەن قانداق ھۈنەر كۆرسەتمەكچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەدۆلەت.

— شاھ ئالىيلىرى، ئۆزۈم ئۆگزىدە تۇرۇپ، يەردىكى ئون تال يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن بىر قىتىم يىپنى ئۆتكۈزەلەيمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

ئۇ ئون تال يىڭنىنى يەرگە قاتار سانجىپ قويۇپ، ئىگىز بىر ئۆگزىگە چىقىپ قولىدىكى بىر قىتىم يىپنى لەۋلىرىدە ھۆلدەپ، بارماقلىرى بىلەن ئۇشلاپ يىڭنىلەرنىڭ قولىقىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ماھارەت كۆرسىتىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بەدۆلەت بۇنىمۇ بىرىنچى، ئىككىنچى ماھارەتچى بىلەن ئوخشاشلا مۇكاپاتلاپتۇ. لېكىن ئۇ مۇكاپاتنى قولىغا ئېلىپ «رەھمەت» دەپ تۇرۇشىغا، بەدۆلەت، — بۇ ماھارەتچىنى تۆتۈپ 40 دەررە ئۇرۇڭلار، — دەپ نەۋكەرلىرىگە بۇيرۇق قىپتۇ. نەۋكەرلەر بۇ ماھارەتچىنىڭ «ۋاي داد» دېگىنىگە ئۇنىماي بۇيرۇقنى ئىجرا قىپتۇ. شۇ ئارىدا بەدۆلەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋەزىرلىرىدىن بىرى:

—ئى شانۇشەۋكەتلىك شاھىم، ئالدىدا ئون ۋە بىر پەتنۇس تىللا بىلەن مۇكاپاتلاپ ئەمدىلىكتە دەررىگە باستۇرغانلىرى نېمىسى؟

— دەپ سوراپتۇ.

—ئەي مېنىڭ يارەنلىرىم، ئەي خالايىق، سەمىڭلارگە سالايكى، ياغاچچى ياسىغان ياغاچ ئات بىلەن بىپايان ئاسماندا ئۇچقىلى بولىدىكەن. تۆمۈرچى ياسىغان تۆمۈر ئۆردەك بىلەن دەريا-دېڭىزلاردا ئۈزگىلى بولىدىكەن. ئۆگزىدە ئۆرە تۇرۇپ يەردىكى ئون تال يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن قاتارىسىغا بىر قىتىم يىپنى ئۆتكۈزمەك ئانچە ئاسان بولمىسىمۇ لېكىن يۇقىرىقى ماھارەتلەرنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ماھارىتىنى مۇكاپاتلىدىم، ئەھمىيىتى يوق «ماھارەت» بىلەن ۋاقىتنى زايا قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالىدىم، — دەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **پاتەم قۇربان**، (قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە سەمەن يېزا سەمەن كەنتى ئارا مەھەللىدىن)

توپلىغۇچى: **ئابدۇكېرىم ئەخمىدى**

# ئۈچ تاز

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ لىڭگىر تاق-تاقچى بولغانىكەن، ئۇلار لىڭگىر تاق-تاق ياساپ جېنىنى جان ئېتىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇرەك دېگەن تازنىڭ سودىسى تازا راۋاج تېپىپ، قالغان ئىككىسىنىڭ كۈنى تەس بوپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ لىڭگىر تاق-تاقلىرىنىڭ سېتىلماي قېلىشىنى تۇرەكتىن كۆرگەچكە، بىر ئامالлارنى قىلىپ تۇرەكنى يوقىتىشنىڭ پېيىغا چۈشۈپتۇ ۋە بۇ رەزىل نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر كېچىدە تۇيدۇرماي ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. تۇرەك شۇ كېچىسى تۈگمەنگە ئۇن تارتىشقا كەتكەن ئىكەن. ئۇلار تۇرەكنى ئۆلتۈردۇق، دەپ ئۇنىڭ ئورنىدا ياتقان ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

تۇرەك ئەتىسى ئاش ۋاقتىدا ئۆيىگە كەلسە، ئانىسى ئۆلۈك ياتقۇدەك. ئۇ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىرى قازاغا رىزا بېرىپ، ئانىسىنى قانداق دەپنە قىلىشنى ئويلاپ بېشى تازا قېتىپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ شۇنداق بىر چارە تېپىپتۇكى، تۇرەك تاز ئانىسىنى بىر ئۆز جابدۇپتۇ. قاشلىرىغا ئوسما، يۈزلىرىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ، قولتۇقىدىن ھاسا بىلەن يۆلەپتۇ-دە، ئېشەككە مىندۈرۈپ، شۇ مەھەللىدىكى جازانىخور باينىڭ خامىنىغا ھەيدەپ قويۇپ، ئۆزى كونا تامنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپتۇ. بۇغداي چەشلەۋاتقان باي خامانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بەھوزۇر چەش يەۋاتقان ئېشەككە قاراپ تowlaپتۇ:

— ھوي قېرى، ئېشىكىڭنى تارت دەيمەن. ھېلى بىكار...

ئېشەك ئۈستىدىكى «سەتەڭ» مىتمۇ قىلماي ئولتۇرغىدەك. باي يەنە تowlaپتۇ. موماي يەنە شۇڭ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. جىلى بولغان باي ئاخىرى ئاچچىقىدا ئېتىلىپ كېلىپ شۇنداق بىر تەپكەن ئىكەن، ئېشەك ئۈستىدىكى ھېلىقى «سەتەڭ» كەينىگە پىررىدە ئۈچۈپ كېتىپتۇ. تامنىڭ كەينىدە شۇنى كۈتۈپ تۇرغان تۇرەك تاز شۇزامات يۈگۈرۈپ چىقىپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— ۋاي ئانام، ئۆمرىدە خۇشلۇق كۆرمەي ئۆتكەن بىچارە ئانام، ۋاي ئانام! ئەمدى مەن قانداق قىلاي...

باي ئالاقزادە بولۇپ تۇرەك تازغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— خۇدا ھەققى يىغلىما دەيمەن، خۇن ھەققىگە 30 خېچىرغا بۇغداي ئارتىپ بېرەي.

— ۋاي ئانام، ئوتتۇز تۈگۈل ئەللىك خېچىر بۇغدايغا تېگىشمەيدىغان ئانام، — تۇرەك تاز تېخىمۇ يىغلاشقا باشلاپتۇ، — خۇنىغا خۇن ئالمسام ئانام...

— بولدى، بوشراق ۋارقىرا تەلۋە تاز، قانچە دېسەڭ شۇنچە بېرەي، بۇيەردىن تېزراق يوقال، — دەپتۇ باي ۋەسۋەسىگە چۈشكەن ھالدا بۇ بالا-قازادىن بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلماقچى بولۇپ.

تۇرەك تاز ئۈنىنى تېخىمۇ قويۇپ بېرىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— ئاھ ئانام، يۈز خېچىر بۇغدايغا تېگىشمەيدىغان ئانام... قىساسىڭىزنى ئالمسام بالىڭىز بولماي كېتەي ئانام...

باي ئاخىرى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يالۋۇرۇپ، تۇرەك تازنى يۈز خېچىر بۇغدايغا ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى

ئۇزىتىپ، نەزىر-چىرىغىنى بىرىشكە ۋەدە قىلىپ يولغا ساپتۇ.

تۇرەك تاز يۈز خىچىر بۇغدايىنى ئارتىپ ئۆيىگە كېتىۋاتسا، يولدا قالغان ئىككى تاز كۆرۈپ قېلىپ ھەيرانۇھەس بوپتۇ. ئۇلار بۇنىڭ نېمە كارامەت ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغانىدەكەن، تۇرەك تاز:

— ئاخشام ئانامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ خورجۇنغا سېلىپ تىكە، نە ئاغىنىلەر، ئەتىگەن بازارغا ئاپىرىپ «ئانا گۆشى ساتىمەن، ئالىدىغان بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىۋىدىم، بىردەمدىلا يۈز خىچىر بۇغدايغا ساتتىم. تېخى يەنە ئارقامدىن ماڭا قەرزدارلىرى قىرىق-ئەللىك خىچىردا بۇغداي ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئۇلارنى كولدۇرلىتىپ ئەتىنى ئالماقچى بوپتۇ.

مال-دۇنيا ۋەس-ۋەسچىلىكىدە ئەقىل-ھوشىنى يوقاتقان ئىككى تاز تەلۋىلىك بىلەن ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەتىسى بازارغا ئەپچىقىپتۇ. ئۇلار: «ئانا گۆشى ساتىمەن، ئانا گۆشى! ئالىدىغان بارمۇ؟!» دەپ تووۋلىغىلى تۇرۇپتىكەن، بازار ئۇلىمالىرى بۇ ساراڭلارغا نەپرەت ئوقۇپ، ناۋاي تەۋەك بىلەن، قاسساپ جىلىك بىلەن، باققال سىۋەت بىلەن ئۇر-ئۇر قىلىپ، چالا ئۆلۈك ھالەتتە بازاردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئىككى تازغا بۇ ئىش ناھايىتى ئەلەم بولۇپ «خەپ تۇرەك تاز، ئانىمىزدىن تېخى ئايرىدىڭ، ئۇنى ئاز دەپ خەقنىڭ تىل-تايىقىغا قويدۇڭ» دەپ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ - دە، شۇ كېچىسى تۇرەك تازنى تاغارغا سولاپ، دەرياغا تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. تۇرەك تاز ھېچ قىلىپ تاغاردىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ئىككى تاز تاڭ سەھەردە ئۇنى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. تۇرەك تاز قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈۋېرىشكە تاقەتى قالماپتۇ ۋە بىر ئامال قىلىپ ئۇلاردىن قۇتۇلماقچى بوپتۇ.

چاشكا ۋاقتى بوپتۇ. ئىككى تازنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كېتىپتۇ. تۇرەك تاز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يانچۇقىدىكى جىگدىنى تاغاردىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ تاشلاپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تاز جىگدە تېرىپ يېيىش بىلەن بولۇپ بارا-بارا يىراقتا قىلىپتۇ. ئېشەك مېڭىۋېرىپتۇ. تۇرەك تاز بىر چاتقاللىققا كەلگەندە بىر پادىچىنى كۆرۈپتۇ - دە:

— ۋاي كاسام، ئېشەكتە ئورناشمىغان كاسام، ئاتتا ئەمدى قانداق ئورنىشار، مەندەك بىر تاز پادىشاھلىقنى قانداق قىلاي، — دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىچى ئۆياق-بۇياققا ھەيران بولۇپ قاراپتۇ. تۇرەك تاز يەنە ۋارقىراۋېرىپتۇ. پادىچى ئاخىر ئاۋازنىڭ ئېشەك ئۈستىگە ئارتىلغان تاغار ئىچىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئېشەكنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە چاتقال ئارىسىغا ئەكىرىپ تاغارنى يېشىپتۇ.

— بۇ تاغار ئىچىدە نېمىش قىلىسەن؟

— دەپ سوراپتۇ پادىچى.

— ھەي، نېمە دەي، ئۆيدە ئولتۇرسام، ئۆيۈڭ ئۈستىدە دۆلەت قۇشى ئەگىدى، شۇڭلاشقا سېنى پادىشاھ ۋارىسى قىلىمىز، دەپ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي مېنى مانا مۇشۇنداق ئېلىپ مېڭىشتى، — دەپتۇ تۇرەك تاز.

— ئوھوي، نېمىشقا ئۇنىمايسەن ئەخمەق؟ ئارتۇق دۆلەت باشنى يارامدۇ؟ — دەپ ھەيران قاپتۇ ئەقىلسىز پادىچى.

— نېمىسىنى دەيسىز ئاكا، مەندەك بىر تاز قانداقمۇ پادىشاھلىقنى قىلاي. بۇ ئىشتا بېشىم ناھايىتى قاتتى.

ھاماقەت پادىچىنىڭ ئېچىگە جىن كىرىپتۇ-دە:

— ئۇنداق بولسا سەن مېنىڭ پادامنى باققىن، مەن ئورنۇڭدا پادىشاھ بولاي، — دەپ تۇرەك تازغا يېلىنىشقا باشلاپتۇ.

تۇرەك تازمۇ دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغان

ئىكەن. بۇ گەپ ئۇنىڭغا ياغدەك يېقىپتۇ-دە، پادىچىنى تاغارنىڭ ئىچىگە سولاپ ئىشەككە ئارتىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئىككى تاز ھېرىپ ھۇمۇدەپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئېشەك ئۈستىگە ئارتىلغان تاغارنى دەرياغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ كەچتە ئۆيىگە ئاران كەلگۈدەك بولسا، تۇرەك تاز «ھايت-- ھۇيت! ھوي ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئاچ! ئاۋۇ يەرنى توس، ماۋۇ قوينى ھەيدە!» دەپ بىرتوپ پادىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقۇدەك. ئىككى تاز بۇنى كۆرۈپ ھۇشىدىن كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. ئۇلار تۇرەك تازدىن بۇ پادىلارنى نەدىن ھەيدەپ كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. تۇرەك تاز مۇنداق دەپتۇ:

— مېنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتىڭلار ئاداشلار، دەريا ئاستىدا ناھايىتى گۈزەل يايلاق، نۇرغۇن يىلقا، قوي-كالىلار بار ئىكەن. يالغۇز كېلىپ قېلىپ ئاران مۇشۇ پادىنى ھەيدەپ كەلدىم.

ئىككى تاز ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— سەن بىزنى بۇ گېپىڭگە قانداق ئىشەندۈرىسەن؟

— ئىشەنمىسەڭلار ئەتە مەن بىلەن بىللە بېرىڭلار، قوينى دەرياغا ئاپارسام ھەممىسى ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن—ئاق قوي ئاق قوي بىلەن، قارا قوي قارا قوي بىلەن تىنىچ-ئامانلىق سورىشىدۇ. شۇچاغدا بىز يەنە نۇرغۇن پادا-يىلقىلار بارلىقىنى كۆرىمىز، — دەپ تۇرەك تاز ئۇ ئىككى تازنى ئۆز يولى بىلەن بىراقلا باپلىماقچى بوپتۇ.

ئىككى تاز مال-دۇنيانىڭ كويىدا كېچىچە كۆز يۇمماپتۇ. ئاران دېگۈدەك تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ-دە، تۇرەك تازنىڭ پادىلىرىنى ھەيدەپ قوي بېقىشقا مېڭىپتۇ.

تازا چىڭقى چۈش بوپتۇ. قويلارنىڭ قورسىقى تويۇپ راسا ئۇسساشقا باشلىغاندا، تۇرەك تاز قويلارنى دەريا تەرەپكە ھەيدەپتۇ. قويلار سۇ ئىچىشكە باشلىغاندا، شولىسى خۇددى قويلار بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈنگەچكە، ھاماقەت ئىككى تاز دەريانىڭ تېگىدە قوي پادىلىرىنىڭ بارلىقىغا رەسمىي ئىشىنىپتۇ. ئۇلار كۈچلۈك ئىشەنچىدىن قورقۇپ بىر-بىرىگە سالا قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ.

— بولدى قايسىڭلار چۈشسەڭلار بەرىبىر ئەمەسمۇ، — دەپ «ئەقىل» كۆرسىتىپتۇ تۇرەك تاز، — بۇنىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار؟ پادا-يىلقىلار كۆپ بولغاچقا ئېقىن كۈچلۈك. ئاۋۋال چۈشكىنىڭلار قوي-كالىلارنى كۆرگەندىن كېيىن، قولۇڭلارنى سۇ ئۈستىگە چىقىرىپ پالاقشىتىڭ-لار، ئاندىن يەنە بىرسىڭلار چۈشۈڭلار.

بۇ مەسلىھەت ئىككى تازغا تازا يېقىپتۇ-دە، دەرياغا بىرسى سەكرەپتۇ. كۈچلۈك دولقۇن ئۇ تازنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر تاز دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان تازنىڭ جان ئاچچىقىدا پالاقشىتقان قولىنى كۆرۈپ، پادىلارنى كۆرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بەدنىيەت ئىككى تاز سۇدا ھالاك بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **جاپپار غاپپار**

توپلىغۇچى: **مەھەممە تتۇرسۇن جاپپار**

www.uyghurkitap.com

# ئايۋانىڭدا ئاي ساندۇق

پۇلۇم تۈگمەس چاغدا،
مېنى سۆيدۇڭ يار قىلدىڭ.
ئەندى مېنى ئۇنتۇغدا
ئەجەپكىنا خار قىلدىڭ.

بىلەيزۈكۈم يوق دەيسەن،
بۇندا ھېچكىم ئالغان يوق.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
مەندەك داغدا قالغان يوق.

تاغ باغرىدا كۆرۈنگەن
ئارپا ئەمەس تېرىقكەن.
مېنىڭ يارىم سۆيۈشكە،
ئەجەپكىنا قېرىقكەن.

باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈللىرى بەك ئازادە.
مەن سېنى يۇۋاش دېسەم،
كۈلسەن ھارامزادە.

دۆڭ ئېرىقتا سۇ باشلىسام،
توختاپ قالدى، ئاقمىدى.
چوڭ گەپ قىلغان چوكانلار
مېجەزىمگە ياقمىدى.

ناۋات دېگەن بەك شىرىن،
تاتلىقكەن دەپ يەۋەرمەڭ.
ئەككىمىزنىڭ سىرىنى
باشقىلارغا دەۋەرمەڭ.

ئۆتەك ئالدىم ماھۇتتىن،
ئەتلەس ئالدىم ساۋۇتتىن.
يارنى تۇتساڭ تاللاپ تۇت
لاسكويدىكى زاۋۇتتىن.

دۇتارنى ئېلىپ قويدۇم،
چالاي دېسەم چارەم يوق.
ئۆتەرمەنمۇ ئالەمدىن
ئۆزەم يالغۇز،يارىم يوق.

شاخ ئېگىلىپ پەس بولدى،
كۈن ئېگىلىپ كەچ بولدى.
دوست-دۈشمەننىڭ ئاراسىدا
ئويناقمۇ تەس بولدى.

ئايۋانىڭدا ئاي ساندۇق،
سارايىڭدا ساي ساندۇق.
ۋەدىمىز يالغان بولغاچ،
كۆڭلىمىز سوۋۇپ ياندۇق.

گۈل ئاچىلدى بىر قۇچاق،
بىلىمگە قىستىم پىچاق.
ۋەدىسى يالغان يارنىڭ
باغرىغا خەنجەر پىچاق.

سايدا پىشقان ئۆرۈكنىڭ
چايناغاندا تەمى يوق.
كۆڭلى سۇيۇق شۇ خېنىمنىڭ
يار تۇتۇشقا پەمى يوق.

شاپتۇل شېخى پەس ئىكەن،
ئالما شېخى پەس ئىكەن.
دەردى تولا شول يارىم،
مەي ئىچىپتۇ، مەس ئىكەن.

ئىشىك ئالدى سۆگەت بوستان،

سالقىن سايە چۈشمەيتۇ،
ياغزاغنى تولا قىلما،
ساڭا كۆڭلۈم چۈشمەيتۇ.

ئالما ئاتسام يارىمغا
قىچىپ كەتتى قولىدىن.
ئەقلى يوقكەن يارىمنىڭ،
ئېزىپ كەتتى يولىدىن.

ئەرگە تەگدىم ئامانغا،
يېرىم كوشۇلە سامانغا.
مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
چۈشۈپ قاپتىمەن يامانغا.

سوپىياڭنىڭ باللىرى
ئالتە ئايدا سايرىشار.
ئىككى يار تۇتقان خېنىم
گەپلىشەلمەي قارىشار.

باغ ئىكەننى بىلمىدىم،
گۈلزار ئىكەننى بىلمىدىم.
بېشىدا ياغلىق كۆرۈپ،
تاز ئىكەننى بىلمىدىم؛

دەرد كەلدى، ئەلەم كەلدى،
نەچچە تولا غەم بىلەن.
دەرد كەلسە ئۆزەم تارتىپ،
ئوينايمەن يارىم بىلەن.

راۋاپقا ئۈزۈلە تارى،
دۇتارغا سۈزۈلە تارى.
ئۆز خوتۇنغا شاگخادەن،
سەت خوتۇنغا خادانى.

دەردمەنلىكتە مەن دەردمەن،
يارىمغا چاپاي كەتمەن.
يارىم ئەتمىسە چەكمەن،
كۆينەكچان قالادۇرمەن.

ئوينىغىلى ئۈز ياخشى،
تېيىلغىلى مۇز ياخشى.
بولار بولماس يارلاردىن
ئىككى موچەن پۇل ياخشى.

ئاق قۇچقىچىم سايرايدۇ،
سۇلاسۇندا قونداقتا.
يار لېۋىنى شورايدۇ،
قەن بارمىكىن تامغاقتا.

يان ئېرىقتىن سۇ كەلدى،
ئاق ئۆستەلە تاشقانمىكىن.
بىزنىڭ يارلار ساي كەلدى،
يولدىن ئاداشقانمىكىن.

قوناقلىقتىن ئوت ئالسام،
ئوت ئەمەس پالالە چىقتى.
ياقا يۇرتتىن يار تۇتسام،
ئەقلى يوق سارالە چىقتى.

بۈگۈن ئايغا ئۈن دەيدۇ،
ساناپ باقسام بەش ئىكەن.
ياردىن تولا گەپ سورىمالە،
كۆڭلى ئۈننىڭ غەش ئىكەن.

ئاق پايپاقمۇ پايپاقكەن،
بوز پايپاقمۇ پايپاقكەن.
يىگى تۇتقان يارىگىز
يازغى يۈگدەلە سايپاقكەن.

ۋەدىنىيۇ ۋەدىنى،
كەچكە قويما ۋەدىنى.
كەچكە قويسالە ۋەدىنى،
ئۆزۈلە تارتسەن دەردىنى.

چېچىكى ئەسلى قارادۇر،
قايتىلاپ قارا قىلما.
بولار- بولماس گەپ قىلىپ
كۆڭلۈمنى يارا قىلما.

تاغدا زۇپا ئېچىلدى،
تېرىپ ئالىلى يارىم.
ياقا يۇرتقا كەتمەكچى سىز،
بىللە قالىلى يارىم.

باغقا كىردىم چىتلاقتىن،
پەم بىلەن گۈل ئۈزەي دەپ.
گۈل تۈۋىدە يارىمنى
باغ- باغ ئېتىپ سۆيەي دەپ.

بەجۇن قومۇش نەي ئالدىم،
يول يۈرگەندە چالاي دەپ.
ئەشۇ گۈزەل قىزلارنىڭ
كۆڭلىگە ئوت سالاي دەپ.

ئۆستەڭ بويىدا ئوتىياش،
سۇ قۇيۇلغاچ سولاشماس.
يار بىلەن كۆرۈشكەندە،
كېيىم زادى قولاشماس.

**ئېيتىپ بەرگۈچى: مەرەمخان ھاشىم**
**توپلىغۇچى: مەتقۇربان ئىسمايىل،**
**ئايجامالخان ئابدۇراخمان**

(بېشى 50-بەتتە)

## شۇنىڭغا كۈلگەن

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەتسىدىق مەترېھىم تارتىپ چىقىلىپتۇ. پىيەن يىغىنى ئېچىلىپ كىشىلەر «داداۋ مەتسىدىق» دەپ تووۋلاشقانىكەن، ئۇ قاھقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بىر ياش ئۇنىڭدىن:

— سارالڭ بولدۇڭمۇ، نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— مەن نەچچە يىلدىن بېرى بالام بولمىدى دەپ ئازابلىنىپ يۈرسەم، ساڭا ئوخشاش نۇرغۇن باللىرىم بار ئىكەن ئەمەسمۇ. قارىمامسەن، ھەممىڭنىڭ «داداۋ»، «داداۋ» دەپ تووۋلىشىپ كەتكىنىنى، — دەپتۇ.

## مال دۇنيايىمغۇ بار، بىراق...

مەتسىدىق مەترېھىم پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىپ، دوغاپچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر تونۇشى:

— ھەي چۇجاڭ، سىلىنىڭ يۇرت ئىچىدە نام-ئابرۇيلىرى، ئۆيلىرىدە مال-دۇنيالىرى خېلى بار. بۇ ئىشلىرى ئانچە قاملاشماپتۇ، — دېگەنىكەن، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا:

— يۈز-ئابرۇيۇم بىلەن مال-دۇنيايىم خېلى بار، بىراق قولىدا نەيزىسى، كۆزىدە ئەينىسى بار بۇرادىلىرىمنىڭ سۇرىتى چۈشكەن قەغەزنىڭ يوقلۇقىدىن بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**توپلىغۇچى: ئابلىكىم كېرەم**

# مەتسىدىق مەترىھىم لاپ-لەتىپلىرى

خەلق ئوقۇتقۇچىسى ۋە ... مەتىرىھەم ... [illegible] ... 5 ... [illegible]
[illegible]
... «جىك يالغان، ملك يالغان» ... [illegible] ... 1983-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى ... [illegible] ... 64 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## جىك يالغان، ملك يالغان

بېشىمنى دۈمبەمگە قويۇپ، تىنىقنى كەم ئېلىپ، تىنماي تۇرۇپ دەم ئېلىپ، قىينىلىش ئازابىدا خاتىرجەم ئۇخلاپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، چاقىرمىغان تويغا يازمىغان باغاق كېلىپ تەگدى. ئايالىم بىلەن سۆزلەشمەي، مەسلىھەتلىشىپ، ئۇقۇشماي بىر قارارغا كېلىپ، ئىككىمىز ئۇچراشماي بىللە بارىدىغان بولدۇق. ئىشىكنى ھور بىلەن دەملەپ، تۈگلۈكنى يەل بىلەن يەملەپ ئۆيدىن چىقتۇق. مىدىرلىماي قاتراپ، بىر دەممۇ دەم ئالماي چاماپ، ئالتە پوتەي مەنزىلنى كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە تاماملاپ، بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولدۇق.

باغاقنى تاپشۇرۋالغاندا، چاچ-ساقالدىن ئىزنا يوق ئىدى. مەنزىلگە يېتەكچىدە قارساق ئاران ھوشۇقتا چوشۇپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىمىز سېپى يوق پالتىنىڭ دەستىسىنى بىللە تۇتۇپ، چاچ-ساقاللىرىمىزنى قىرقىشقا باشلىدۇق، بىر تۈزلەڭلىككە لىق كەلدى. ئېگىزلىكنى كۆرەلمەي دۈم يېتىپ قاراپ باقساق، چوققىسى پەلەككە تاقىشىپتۇ. مۆلچەرىمىزچە، بۇ تۈكلەر جاھاننىڭ ئەتراپىنى قاشلاشقا يېتىدىغاندەك. شاخ پۇلى ھايىنغا قالدى دەپ خۇشال بولۇشۇپ، قاپاقنى تۇرۇپ كۈلۈشۈپ، توي بولىۋاتقان ھويلىغا كىردۇق.

قارىغىدەك بولساق، مېھماننىڭ كۆپلىكىدىن ئولتۇرغىدەك بوش يەر يوق، ئەمما، ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيدى. نەغمە-ناۋا، ناغرا-سوناي ئاۋازى ھويلىنى بىر ئالغان بولسىمۇ، جىمجىتلىقنىڭ دەستىدىن چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىق ئارىسىدا قالدۇق. بىرەر شەپە ئاڭلارمىزمىكىن دەپ قۇلىقىمىزنى ئېتىپ، بىرەر كىمگە سوقۇلۇپ كەتمەيلى دەپ كۆزىمىزنى چىڭ يۇمۇپ كېتىۋاتساق، تونۇماسئاخۇن بىلەن بىلمەسخان ئىچكەرىكى ھوجرىدىن چىقىپ كەينىچە كېلىپ سالام بەردى. ئۇلار «ئۆيگە كىرەيلى» دېگىنىچە چوڭ دەرۋازىنى ئىشارەت قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلماي ئالدىدا مېڭىپ ئارقىسىدىن كىردۇق. ئۇلار ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن غادايغىنىچە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ بىزنى پەگاغا باشلىۋەتتى. بىزمۇ ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن گىدىيىپ تۆرگە چىققان بولدۇق.

ھوجرىنىڭ كەڭلىكىدىن لەيلەپ قالغان بولساقمۇ پېتىشماي، يېتىشساقمۇ قىستىلىپ سىغىشماي، كىرىلىپ ئولتۇرغان چېغىمىزدا، مورىسى يوق ئوچاقتا جوغىسى يوق چۆگۈننى ئېسىپ، ئوتۇن سالماي ئوت يېقىپ، سۇ قويماي چاي قاينىتىپ، تۈۋى چۈشۈپ كەتكەن پىيالىدا چاي ئېلىپ كەلدى. بىر ئازدىن كېيىن تۆت بۇرجىكى يوق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





داستىخاننىڭ چۆرىسىنى تۇتۇپ ئالدىمىزغا يايدى. بىزمۇ ئۇتتۇرىسى قالمىغان لىگەندىكى ئاش-تائاملارنى قولىمىزنى يەڭدىن چىقارماي سوقۇۋەتتۇق.

مېھماندارچىلىقىمىز شۇ دەرىجىدە كۆڭۈللۈك ئۆتتىكى، لېۋىمىزنى قىمىرلاتماي ھىجىيىشىپ، كۆلمەي تۇرۇپ پىلىقشىپ، ئولتۇرماي ئىچىشىپ، باقماي يېيىشىپ، تويماي خام كېكىرىشىپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

بىر چاغدا قارىساق ئېيگەنلىرىمىز ھېچ ھەزىم بولمىدىغاندەك ئەمەس، لېكىن ئۇچەيلىرىمىز تارتىشىپ ھالىمىز قالماپتۇ. قورساق تويغاننىڭ دەستىدە گۇمبەزدەك بولۇپتۇيۇ، تېرىمىز غولىمىزغا چاپلىشىپ قاپتۇ. ئەتراپىمىزغا باقساق...

كۈن پاتماي تۇرۇپ كەچ كىرىپتۇ، قايتىدىغان ۋاقتىمىز بوپتۇ. شۇڭا قاراشماي تۇرۇپ خوشلۇشۇپ، سوقۇشماي تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ، قوپمايلا ئورنىمىزدىن تۇرۇشۇپ، خەپ، تۇغۇلمىساق كۆرىشەرمىز، پەيدا بولمىساق ئۇچرىشامىز، دېيىشكىنىمىزچە بىر چىرايلىق خوشلاشتۇق.

شۇ تەرىقىدە يېنىشماي قايتىشىپ، مېڭىشماي يۈتلىشىپ، يىقىلماي يۇمۇلۇشۇپ، قارىسى كۆرۈنمەستىنلا ئۆز ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق.

بىز ئەزەلدىن ھېرىپ-چارچاشنى ئۇقمايدىغان، كۈچ-قۇۋۋەتتە رۇستەمدىنمۇ قورقمايدىغان، ئانداق-مۇنداق داستىخانغا نەزەر كۆزىمىزنىمۇ سالمايدىغان، توي-تۆكۈندىن قالمايدىغان، ئەمما چاقىرمىسا بارمايدىغان، خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلىمايدىغان، راھەتتىن قاچمىساقمۇ جاپاغا پايلىمايدىغان ئادەملەر ئىدۇق...

بۇ ئىشلار بىز تۇغۇلمىغاندا يۈز بەرمىگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىمىز ئالدىمىزدا ساق-سالامەت چىقىپ ھاردۇق سورىدى. ئۇلار:

— بالىلىرىم، بىز ئەزەلدىن جىق ئۆمۈر سۈرگەن، كۆپ جاھان كۆرگەن، ئۇزاقتىن-ئۇزاق ياشىغان، ئابرويلۇق ئۆتكەن كىشىلەرمىز. بوۋاڭلارمۇ ئۆلگەندىن كېيىن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قويۇقچىلىق ماجالى قالمىغاچقا، تۆرەلمايلا تۈگەشكەنتى. سىلەرمۇ ئۇزۇن ياشاپ، تۆرەلمەي تۇغۇلۇپ، پەيدا بولماي يوقۇپ كەتكەيسىلەر، ئامىن دەپ رەھمەت ئېيتتى.

مەن ناھايىتى ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن، شۇڭا ھوردا دەملىگەن ئىشكىنى، يەلدە يەلپۈگەن تۈگۈلۈكنى ئېچىپ بوسۇغىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپلا ئۆيگە كىردىم. ئۆي-جايلىرىمىز ناھايىتى كەڭرى ئىدى، شۇنداقتىمۇ پۇتۇم تاقىشىپ قالمىسۇن دەپ، تاپىنىمنى تۈگۈلۈكتىن چىقىرىپ، بېشىمنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئۇخلاشقا تۇتۇندۇم.

ئەگەر مەن سۆزلەپ بېرىۋاتقان بۇ ۋەقەلەرنىڭ مىڭدىن بىرسى يالغان بولسا، لەۋزىم ئىناۋەتكە ئېلىنمىغان ھېساب بولسۇن. ناۋادا راستلىقىغا پاكىت كېرەك بولسا، تۇغۇلماي تۇرۇپ قازا قىلغان بىر نەچچە شاھىتلىرىمنى ئەل-جامائەت يوق سورۇنغا جەم قىلىپ، باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ۋارقىراپ تۇرۇپ ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

توپلىغۇچى: مەتقۇربان ئىسمايىل

# ئاشنىڭ چۆپىنى تاپاي دەيمەن

مەتسىدىق مەتىبرېھىم كىچىك ۋاقتىدا ئاتقۇچىغا شاگىرت بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىرسىنىڭ ئۆيىدە كېگىز ئېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئۈستىگە ئاشنىڭ قويۇقىنى، شاگىرتلارغا بولسا ئاشنىڭ سۇيۇقىنى ئۇسسۇپ ئەكىرىپتۇ. بۇنىڭدىن مەتسىدىقنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ-دە، بېشىدىكى بۆكىنى ئېلىپ، كۆينىكىنى سېلىۋېتىپ، ئىشتىنىنىڭ بېغىنى يېشىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۆي ئىگىسى:

— ۋاي شاگىرتچاق، نېمە قىلىۋاتىلا؟ - دەپ سوراپتۇ.

— قاچىنىڭ تېگىگە بىر شۇڭغۇپلا ئاشنىڭ چۆپىنى ئىككى تال سۈزۈپ چىقاي دەيمەن، دەپتۇ مەتسىدىق مەتىبرېھىم

(داۋامى 48-بەتتە)

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش

قۇربان نىياز

يىراق قەدىمكى زاماندا يەر شارىدا ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولىشى بولسا بۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. بىلىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشىدىكى مۇقەررەرلىكنى تەدرىجى ھالدا تونۇپ يەتتى.

ئۆلۈم — ئىنسانلارنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ھەمراھى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئاشۇ كىشىلەر يىراق قەدىمدىن تارتىپ ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتىنى خىلمۇخىل شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز تارىخىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى مېيىت ئۇزىتىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، خىلمۇخىل دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈردى. تارىخىمىزدىكى بۇ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى قانداق شەكىللەنگەن، قايسى شەكىللەردە بولغان، دېگەن مەسىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن گەپنى يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1

ئەجدادلىرىمىز جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى ئەقىللىق ئادەملەر (1) باسقۇچىدا ياشاۋاتقاندا، ئۇلار تارقالغان تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە زۆرۈر بولغان شەرت-شارائىتلارنى تولۇق ھازىرلىغان ئىدى. لېكىن، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ دۇنيانى بىلىشى بەكمۇ تۆۋەن سەۋىيەدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇرغۇنلىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئاڭقىرالمىغان ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ ۋاقىتتىكى ئەمگەك قوراللىرى تولىمۇ ئاددى بولغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئىنتايىن قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. بۇلارغا قوشۇلۇپ تەبىئەتنىڭ ئۇلارغا قىلغان خىرىسلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مىسلىسىز مۇشكۇل بولىشىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئاشۇخىل شارائىتلار ئىچىدە تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەبىئەت قويىندىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن باغلاپ، تەبىئەتكە بولغان ئېتىقادى كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىش جەريانىدا ئۇلار ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ قويىندىن يارالغان دەپ چۈشەندى. لېكىن، ئۇلار چۈشەنگەن بۇ ئاڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى ئاڭ ئىدى. تەبىئەت دەسلەپتە پۈتۈنلەي غەيرى، چەكسىز، ھەيۋەتلىك ۋە بويسۇندۇرۇلۇپ بولمايدىغان كۈچ سۈپىتىدە كىشىلەر بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇندا تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھايۋانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە پۈتۈنلەي ئوخشايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قۇدرىتىگە خۇددى ھايۋانغا ئوخشاش بوي سۇناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەبىئەت توغرىسىدىكى پۈتۈنلەي ھايۋانلارچە ئاڭ (تەبىئەتكە چوقۇنۇش) ئىدى. (2)

ئەجدادلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتىكى تەبىئىي شارائىتقا ماس ھالدا تاغ ۋادىلىرىدىكى،

دەريا بويلىرىدىكى ئادەم ياشاشقا بولىدىغان جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تەدرىجىي ھالدا تاغ ۋە دەل-دەرەخلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەنبە دەپ ھېسابلىغان ۋە مۇشۇنىڭغا باغلاپ نۇرغۇن ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇكەممەللىشىپ، كېيىنكى تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان.

راشىددىن مۇنداق يازىدۇ: « ...ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ، بىرى < بۇقراتۇ بوزلۇق >، يەنە بىرى < ئۇسقۇنلۇق تەگرى > دەپ ئاتىلىدىكەن. قارا قۇرۇم شۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىكەن. ئۆكتايخان بىنا قىلغان شەھەرمۇ شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇت تاغ دېيىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن.

...قەدىمقي ئۇيغۇرلار ئاشۇ دەريانىڭ قىرغاقلىرىدىكى تاغلىق جايلاردا ياشايدىكەن.(3) جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ: « ...ئەينى زاماندا قاراقۇرۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن. بىرى تۇغلا دەرياسى، يەنە بىرى سېلىنگا دەرياسى دېيىلىدىكەن... بۇ جايدا ئىككى توپ دەرەخ، دەرەخنىڭ ئارىسىدا بىر دۆڭ بار ئىكەن. قۇياش نۇرىدا بۇ دۆڭ بارغانچە ئىگىزلەپتۇ، ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ... بىر كۈنى دۆڭ ئۇشتۇمتۇت يېرىلىپتۇ-دە، بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ، ئۆيدە بەش ئوغۇل بىخارامان ياتقۇدەك. ئۇلار (ئۇيغۇرلار) باللارنى بېقىپ چوڭ قىلغاندىن كېيىن باللار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇلارغا ئاشۇ ئىككى توپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باللار دەرەخكە سەجدە قىلىشقا كىرىشىپتۇ. بىر كۈنى دەرەختىن ئۇشتۇمتۇت زۇۋان چىقىپ ئۇلارغا: < ئەي باللار، بۇيەرگە دائىم كېلىپ بىزنى يوقلاپ تۇرۇڭلار، بىز سىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر، مەڭگۇ شان-شەرەپ تىلەيمىز > دەپتۇ. ئۇلار... ئۇزۇن يىل يۇرت سوراپتۇ »،(4) « ئۇيغۇرلار يۇرتىدا قاراقۇرۇم دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، تاغنىڭ يېنىدا تۇغلا، سېلىنگا دەريالىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخكە شولا چۈشكەن ئىكەن، دەرەختە ھامىلە پەيدا بولۇپتۇ. ئارىدىن توققۇز ئاي ئون كۈن ئۆتكەندە دەرەخ يېرىلىپ بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ... » .(5) « ئۇيغۇرلار... مەزكۇر ئەلنىڭ پادىشاھىدۇر. شۇ ئەلدە ئىككى دەرەخنىڭ جۈپلىشىشىدىن پورەك ھاسىل بولغان، پورەك يېرىلىپ بەش ئوغۇل تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئەلگە پادىشاھلىق قىلغان » .(6)

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار قەدىمدە ئۆز ئەجدادلىرىنى تاغلاردىن ۋە دەرەخلەردىن پەيدا بولغان، دېگەن چۈشەنچە ئاساسىدا بۇ رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقارغان، شۇنداقلا تاغ، دەرەخ، يەر ۋە سۇنى مۇقەددەس بىلىپ(7) ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بۇخىل چوقۇنۇش يەنە ئىسىم قويۇش ئادىتىدە ھەم ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان: « ...ئوغۇزخان تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ يەككىدى... ئوتتۇرانچىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى » (8) بۇخىل توتېم ئېتىقادىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، توتېم قىلىنغان جىسىم مۇقەددەس بىلىنىپ، ئۆزلىرىنى شۇ جىسىمنىڭ ئەۋلاتلىرى دەيدىغان چۈشەنچىگە كەلگەن. شۇڭلاشقىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى « يەتمىش تاغ باتۇرلىرى » دەپ ئاتايتتى.(9)

ئۇيغۇرلاردا دەسلەپكى توتېم دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاشۇ دەۋردە قانداق دەپنە مۇراسىم ئادىتىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە كېسىپ بىرنەرسە دېيەلمەيمىز. لېكىن، ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئېتىقاد

بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئانىمىزىم ئەنە شۇ دەۋرلەردىنلا باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادىتىدە زور دەرىجىدە مەۋجۇد بولۇپ كەلدى. ئۇلار ئۆلگەن كىشىلەرنى قايتا تىرىلىدۇ، دەپ ئىشەنگەچكە، شۇ دەۋرلەردىن تارتىپ ۋاپات بولغۇچىلارنى ماددىي نەرسە بىلەن قوشۇپ كۆمۈشنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. چۈنكى، رايونىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى دەۋرگە ئائىت قەۋرىلەرنىڭ ھەممىسىدىنلا يەرلىك كولاپ نەرسە (بۇيۇم) بىلەن قوشۇپ كۆمۈش ئادىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇدلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىپلىرىدىن بىرى بولغان ھونلارنىڭ ھون ئىمپېرىيىسى قۇدرەت تاپقاندا، ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر ئېتنىك تەركىپى بولغان دىڭلىڭلار (丁令人) نى بويسۇندۇرغان ئىدى. ئەنە شۇ ھونلار دەۋرىدىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ دەسلەپ يازما خاتىرىلەرگە پۈتۈلگەنلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«ھونلار ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا، ئىچ-تاش قىلىپ قوش قەۋەت تاۋۇت ياساپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈكنى ئالتۇن-كۈمۈش، كىيىم-كېچەك بىلەن بىللە سالاتتى. ئۇلاردا گۆر ئۈستىگە دەرەخ تىكىش، ھازا كىيىش ئادىتى يوق ئىدى. ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى، كىچىك خوتۇنى بىللە كۆمۈلەتتى. مۇنداق بىللە كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا بىرنەچچە ئون ياكى يۈز كىشىگە يېتەتتى. ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا، ھون ئاقساقاللىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا باش قوشۇپ، نەزىر-چىراق قىلاتتى، بەشىنچى ئايدا ئەجدىھا بالىق (龙城) شەھىرىگە يىغىلىپ، چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ ئاتا-بوۋىلىرى، ئاسمان-زېمىن، روھ-ئەرۋاھلارغا ئاتاپ زاراخەتمە قىلاتتى...».(10)

ھونلار ئىتتىپاقىدا تۇرىۋاتقان دىڭلىڭلار باشقىلار تەرىپىدىن قاڭقىل (高车) دەپ ئاتىلىۋاتقان دەۋرلەرگە كەلگەندە بولسا، ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى ھەم بەزىبىر ئالاھىدىلىكلەر گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. («ۋېينامە» 103-جىلت «قاڭقىللار تەزكىرىسى»-دە مۇنداق بىر خاتىرە بار: «قاڭقىللار ئۆلگەنلەرنى قەۋرىستانلىققا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن قەۋرە كولايدۇ. ئاندىن مېيىتنى گۆر ئىچىدە يانى كېرىپ ئوقيا ئېتىشقا تەييارلانغان قىياپەتتە ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىلىچ-نەيزە ھەمرا قىلىنىدۇ. پەۋقۇلئاددە بىرەر سەۋەپ بىلەن ئۆلمىگەنلا بولسا گۆرنىڭ ئاغزى ئېتىلمەيدۇ. ھەرخىل ئاپەت ياكى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر ئۇچۇن تەڭرىدىن بەخت تىلەيدۇ. ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلەر ئۇچۇن كۆپلەپ مال-چارۋا ئۆلتۈرۈپ، بۇ چارۋىلارنى كۆيدۈرىدۇ ۋە ئاتلىق ھالدا گۆلخاننى ئايلىنىدۇ. ئايلىنىش قېتىم سانى بەزىدە ھەتتا نەچچە يۈزگە بارىدۇ. ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممىسى يىغىلىدۇ. مۇسىبەتتە بولمىغانلار ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. مۇسىبەت ئىگىسى قاتتىق يىغلايدۇ».

تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېم ئېتىقادىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ، توتېمنىڭ جانسىز ماددىلاردىن جانلىقلارغا ئۆزگىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ئىدى. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى، ھونلار تەزكىرىسى»، «ئىككى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىق مەنبەلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان. بۆرە توتېمى ئەۋج ئالغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئادىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى.

«ئۇيغۇرلار تۈركلەر بىلەن ئوخشاش مىللەت بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى تۈركلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايتتى».(11)

«تۈركلەر دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە ۋاپات بولغۇچىنىڭ جەسىتىنى چېدىرغا قويۇپ قوياتتى. بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئەر-ئايال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قوي، ئات قاتارلىق چارۋا-ماللارنى ئۆلتۈرۈپ، چېدىر ئالدىغا تىزاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق نەزىر قىلاتتى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى چېدىرنى يەتتە قېتىم ئايلىناتتى. ئۇلاردىن بىر كىشى چېدىر ئالدىدا پىچاق بىلەن يۈزىنى تىلىپ قاتتىق يىغلايتتى. بۇ ھالەت جەمئىي يەتتە قېتىم تەكرارلىناتتى. ئاندىن كېيىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئادەتتە مىنىدىغان ئېتى ۋە ئىشلىتىدىغان بۇيۇملىرىنى يىغىپ جەسەت بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ جەسەت كۈلىنى مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاللاپ دەپنە قىلاتتى. ئادەتتە ئەتىياز ۋە كۈز كۈنلىرى ۋاپات بولغان بولسا دەرەخ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندە، قىش ۋە كۈز كۈنلىرى ۋاپات بولغان بولسا، گۈل-گىياھلار بىخ-باراقسان بولغاندا يەرگە كۆمەتتى. بۇ ۋاقىتتا چېدىردا نەزىر قىلغاندىكى ھالەت يەنە بىر قېتىم تەكرارلىناتتى. دەپنە مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن قەۋرە ئالدىغا ياغاچ تۇۋرۇكلەرنى ياكى تاشلارنى ئورنىتىپ، مۇشۇلار ئارقىلىق ۋاپات بولغۇچى ھايات ۋاقتىدا نەچچە دۈشمەننى ئۆلتۈرگەنلىكى كۆرسىتىپ قويۇلاتتى».(12) «ناۋادا خانلار ۋاپات بولسا ئۇ ھالدا دەپنە مۇراسىمى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتى. خانىش خاقان بىلەن بىللە كۆمۈلىدىغان ئادەت مەۋجۇد ئىدى. مىلادى 759-يىلى بايانچۇر خاقان ۋاپات بولغاندا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى تاڭ سۇلالىسىدىن كەلتۈرۈلگەن خانىش نىڭ گو مەلىكىنى خاقان بىلەن بىللە كۆممەكچى بولىدۇ؛ خانىش ئۇلاردىن خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ تۇرۇۋېلىپ ئاخىرى بىللە دەپنە قىلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغان. لېكىن ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە يۈزىنى تىلىپ قان ئاققۇزۇپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ ھازا بىلدۈرگەن».(13) «دەپنە مۇراسىمى مەزگىلىدە يەنە ئىسرىق يېقىش، ئىپار پۈركۈش قاتارلىق ئادەتلەرمۇ بولغان. پۇقرالار خاننىڭ ۋاپاتىغا چېچىنى كېسىپ، قۇلىقىنى تىلىپ ھازا بىلدۈرەتتى. مۇراسىم ئۈچۈن يىغىلغان پۇقرالار، چەتئەل ئەلچىلىرى، جۈملىدىن ئەلەمدار ۋە قەلەمدار ئەمەلدارلار خاقانغا كۆپتىن كۆپ مەدھىيە ئوقۇيتتى. خاقانىنىڭ قەۋرىسى بولسا ئىنتايىن ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزەلەتتى»:(14)

مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى مەركەز قىلىنغان دەۋرىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى ئىدى.

2

ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېمغا ئېتىقاد قىلىشى دەسلەپكى قەدەمدە ئاجىزلىشىۋاتقان دەۋرىگە كەلگەندە كۆپ خۇدالىق دىنلار توتېم ئېتىقادىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. بۇمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدىكى تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئەمدى بىز نەزەر دائىرىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئارقىغا قايتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىنى بىر مەزمۇن شەكلى قىلغان شامان دىنى دەۋرىگە نەزەر سالايلى.

شامان دىنى ئەجدادىغا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلغان ئىپتىدائىي خاراكتېردىكى دىن بولۇپ، سىستېمىلىق دەستۇرى، دىنىي تەشكىلاتى قاتارلىقلار يوق كۆپ خۇدالىق دىن ئىدى. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈۋاتقان مەزگىللەردە تەدرىجىي ھالدا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھىم نەرسىلىرىنىڭ بىرى ئوت

بولۇپ، ئۇ ئەڭ مۇقەددەس، شۇنداقلا ئەڭ پاك نەرسە ھېسابلىناتتى. بۇ ۋاقىتتىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى بۇ ئامىلدىن خالى بولمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىگە كەڭ تارقالغان پىرچەڭگى رىۋايىتى بولسا مۇشۇ قاراشنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك ئىسپاتى بولالايدۇ:

«قەدىمكى دەۋردە پىرچەڭگى ئىسىملىك بىر ناخشا-قوشاق پىرى ئۆتكەن ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى پىرچەڭگى قەۋرىستانلىققا چىقىپ، بىر قەۋرە ئالدىدا سۈكۈتتە ئولتۇرسا، قاياقتىندۇر بىر ياقتىن داد-پەرياد ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پىرچەڭگى بىر ھازا تىڭشىغاندىن كېيىن بۇ ئاۋازلارنىڭ پەرىشتىلەر ئازابىغا چىدىيالمىغان گۆردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ نالە-زارى پىرچەڭگىنىڭ قەلبىنى ئازابلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئاستا ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ناخشا سادالىرىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ھېلىقى داد-پەرياد ئاۋازلىرى يوقاپ كېتىپتۇ. چۈنكى، پەرىشتىلەر ناخشا ئاۋازى بار جايدا تۇرالمايدىكەن. پەرىشتىلەر پىرچەڭگىنىڭ ناخشا ئاۋازى بىلەن تەڭ قەۋرىستانلىقنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. گۆردىكى ئۆلۈكلەر پىرچەڭگى ئېيتقان ناخشا-قوشاقلارنىڭ شاراپىتىدىن پەرىشتىلەرنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ۋە ھوزۇرلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرچەڭگى بۇ دۇنيادىكى ھايات كىشىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى شاگىرتلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قەۋرىستانلىقلارنى ئارىلاپ ئۇ دۇنيادىكى ئادەملەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. ئۆلگەن ئادەملەرنى ئازابلاشتىن ھوزۇرلىنىدىغان پەرىشتىلەر بۇخىل لەززەتتىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن تەڭرىگە پىرچەڭگىنىڭ جېنىنى ئېلىش ھەققىدە بىسىم ئىشلىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇنىڭ جېنىنى ئاپتۇ...15».

«قەدىمكى دەۋردە ناخشا-قوشاق ئۆلۈكلەرنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ، ئوت بولسا ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىدۇ، دېگەن قاراش بولغاچقا، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈپ ئۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن جۆر بولۇش قاتارلىق ئادەتلەر تۈركىي قەۋملىرىدە ئۇزۇن زامان ساقلانغان.(16)» موللا ئىسمىتۇللابىننى موللانىمەتۇللا مۆجىزى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئۇل زامانلاردا ئاتا-ئانىسى، بالىلىرى ئۆلگەندە، مۇسىبەت ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىش رەسمى بار ئېردى». «بۇ ۋاقىتلاردىكى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، ئاۋۋال كۆيدۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىش ۋە ئاۋۋال دەپنە قىلىۋېلىپ ئاندىن كۆيدۈرۈش قاتارلىق ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە ئىدى» (18).

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئوتقا چوقۇنغان ئاشۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادىتى ئوت ۋە ناخشا، مۇزىكا بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئىدى.

ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇش - شامانىزىمنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئېتىقاد ئادىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئەجدادلىرىمىز قۇياش (كۈن)، ئاي، ئاسمان (كۆك) ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇپ بۇلارنى ئىلاھى دەرىجىگە كۆتەرگەن ئىدى. ئاشۇ خىل ئىلاھى تۈس ئالغان «ئاي» ۋە «قۇياش» ئاتالغۇسىنى خاقانلار ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى قىلغان. مەسىلەن: ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرىدىن ئاي تەڭرىدىن قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگە خاقان (781-790)، ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە خاقان (795-805)، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە خاقان (808-821)، كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ خاقان (821-825) قاتارلىقلارنىڭ ناملىرى ئاساسەن كۈن ۋە ئايغا بولغان ئېتىقادنىڭ رېئاللىقتىكى ئىنكاسى ئىدى. «بەزى تارىخشۇناسلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولغان ھونلارنىڭ (ھون) دېگەن نامى، (كۈن) سۆزىنىڭ ئۆزگە-

رىشىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ» (19).
قۇياش شەرق تەرەپتىن چىققانلىقى ئۈچۈن شەرىق تەرەپنى مۇقەددەس بىلىش بىرخىل ئېتىقاد تۇسىنى ئالغان ئىدى. «خاقانلارنىڭ چېدىرلىرىمۇ ئىشىكى شەرققە ئېچىلىدىغان قىلىپ ئورنىتىلاتتى» (20). شەرقنى ئۇلۇغلاش ۋە كۈنگە چوقۇنۇشتەك پىسخىكا تۇپەيلىدىن بۇ دەۋرنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدە بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان رايونىمىزدىن ئارقا-ئارقىدىن تېپىلغان. قەدىمكى قەۋرىلەردە بۇ ھالەت ئەڭ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «1979-يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن قىرغىقىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەۋرىلەرنىڭ يىل دەۋرى 95-+ 3880يىل بولۇپ، لەھەت تىك قېزىلغان ۋە تۆت تەرىپى توغراق بىلەن توسالغان. جەسەتنىڭ بېشى شەرق تەرەپكە قارىتىلغان، جەسەتكە قۇش پېيى قىستۇرۇلغان ئۈچلۇق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن، ئەتراپى يۇمىلاق شەكىلدە يەتتە قەۋەت ياغاچ قوزۇق چەمبىرىكى بىلەن ئورالغان (قوزۇقلار ئىچ رەتتىن سىرتقى رەتكە قاراپ ئىنچىكىلەپ بارغان)، يەتتە قەۋەت ياغاچ ھالقىنىڭ ئەتراپىغا نۇر چېچىلغان ھالەتتە تۈز سىزىق بويىچە رەتلىك قىلىپ ياغاچ قوزۇق قېقىلغان. لەھەتنىڭ تۆت تەرىپىدىكى توغراق ياغىچىنىڭ ئۈستىگە توغراق تاختايلىرى قويۇلۇپ ياغاچ تاۋۇت ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ياغاچ تاۋۇت ئۈستىگە قوي، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، يۇڭدىن توقۇلغان پالاس، مىس زىننەت بۇيۇملىرى قويۇلغان» (21). سىنتەين: «بۇ قەۋرىلەرنىڭ ئادەم ئولتۇراقلاشقان ۋاقتىنى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى (22).

كۆككە چوقۇنۇش — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلىگەن يەنە بىر ھادىسە ئىدى. «ئوغۇزخان تىلىكىگە يەتتى... (ئايالى) ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىنىڭ ئىسمىنى كۆك دەپ ئېيتتى. ئوغۇزخان دېدىكى: كۆك بۆرى بولسۇن ئۇران، تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان (كۆك) قورغان» (23).

كۆك ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ساھەلىرىگە ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ دەۋرگە ئائىت قەۋرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزى كۆككە قارىتىپ قويۇلغان ھالەتتە شەكىللەندۈرگەن. بۇمۇ شامانىزىمنىڭ كۆكنى ئۇلۇغلىشىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىكى ئىنكاسى.

## 3

ئەمدى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىگە كېلەيلى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە ھىندىستاندا بۇتقا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلغان بىر خۇدالىق يېڭى دىن — بۇددىزىم بارلىققا كەلدى ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق رايونلارغا تارقىلىپ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا چىقتى. بىر خۇدالىق دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى — دەپنە مۇراسىم ئادىتىدىكى ئۆزگىرىش ئىدى. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىش قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمىدى. خەنزۇ سەيياھى خۇي سېڭنىڭ دېيىشىچە: «خوتەن بۇددىستلىرى ئۆلگۈچىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كومزەككە قاچىلاپ يەرگە كۆمىدىكەن. خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېنىغا

بۇت ئورنىتىدىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى چىچىنى قىرقىپ، يۈزىنى مورلاپ ھازا بىلدۈرىدىكەن. پادىشاھنىڭ جەسىتىلا كۆيدۈرۈلمەي تاۋۇتقا سېلىنىپ، يىراق دالىغا دەپنە قىلىنىدىكەن. كىشىلەرنىڭ دائىم يوقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن قەۋرە يېنىغا بۇتخانا سېلىنىدىكەن» (24). خۇي سېڭنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلىرىنى خوتەن رايونىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەۋرىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

1959-يىلى نىيە خارابىلىقىدىن تېپىلغان پادىشاھ قەۋرىسىدە پادىشاھ ۋە خانىش بىر تاۋۇتقا سېلىنغان. مومىيالانغان جەسەتلەر كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان، بېشىغا ياستۇق قويۇلغان. ئەر ئوڭ تەرەپتە، ئايال سول تەرەپتە ياتقان. (پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن بولۇشى ناتايىن، بەلكىم پادىشاھ ئۆلگەندە خانىشمۇ بىللە كۆمۈلگەن بولسا كېرەك — ئا). «ئايالنىڭ باش تەرىپىدىكى توقۇلما سېۋەتكە ھەرخىل گىرىم بۇيۇملىرى سېلىنغان. ئەرنىڭ ئۈستىگە بىر تال يا، تۆت تال ئوق سېلىنغان ئوقدان قويۇلغان. ياختىلىق چاپان، ياختىلىق ئىشتان، پايپاق، پەلەي قاتارلىقلار كىيگۈزۈلگەندىن كېيىن ئۈستىگە يىپەك يوپۇق يېپىلغان. باشقا قەۋرىلەرگە تامامەن دېگۈدەك بۇددا ھەيكەللىرىنى ئاساس قىلغان نەرسىلەر قوشۇپ كۆمۈلگەن» (25).

غەربىي يۇرتتا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بۇددىزمنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بەزىبىر قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ قۇللار بىلەن قۇلدارلارنىڭ دەپنە قىلىنىشىدىكى دەرىجە پەرقىنىڭ ئېغىر بولۇش مەسىلىسى ئىدى.

تاشقورغاندىكى شامابا قەۋرىستانلىقىنىڭ ئىچىدىكى بىر قەۋرىگە ئىككى جەسەت قويۇلغان، A جەسەتنىڭ يېنىغا ساپال قاچىلار، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر قوراللار قويۇلغان، B جەسەتنىڭ يۈزى A جەسەتكە قارىتىپ قويۇلغان بولۇپ، بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر يوق دېيەرلىك. بۇنىڭ بىرى خوجايىن، يەنە بىرى قۇل بولسا كېرەك.

بۇ مەزگىللەردە يەنە قۇلدارلار ئۆلگەندە قۇللارنى ئۆلتۈرۈپ بىللە كۆمدىغان دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ بولغان ئىدى. «شامابا قەۋرىستانلىقىدىكى يەنە بىر ئىككى كىشىلىك قەۋرىدە A جەسەت ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، جەسەت سۆڭىكى ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغان، يېنىغا ساپال ۋە ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسالغان كۆپلىگەن بۇيۇملار قويۇلغان. B جەسەتنىڭ يېنىغا ھېچنەرسە قويۇلمايلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ كاللىسى كېسىلىپ ئايرىم قويۇلغان. ئۈرۈمچى نەنشەن كان رايونىدىن تېپىلغان يىغلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 476-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221-يىللار)گە مەنسۇپ بولغان بىر قەۋرىگە 30ياشلاردىكى بىر ئايال كۆمۈلگەن، قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەردىن يولۋاس نەقىشلىك تىللا، چوكا ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگە، ساپال ۋە تۆمۈر بۇيۇملار تېپىلغان. شۈبھىسىزكى، بۇ چوڭ قۇلدارنىڭ قەۋرىسى. ئالغۇي جىلغىسىدىن تېپىلغان يىغلىق دەۋرىگە مەنسۇپ قەۋرە ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، قەۋرە ئۈستىگە ۋە ئىچىگە ياتقۇزۇلغان تاشلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك قىممەتلىك بۇيۇملار ئىدى. ئالتاينىڭ قوبۇچ يېزىسىدىن تېپىلغان قەۋرىلەرنىڭ بىرىسىدە 20نەچچە ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ كۆمۈلگەن، يەنە بىر قەۋرىدىكى بىللە كۆمۈلگۈچىنىڭ باش سۆڭىكى بەش پارچە قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، جىجىلغان ئىزلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» (26).

بۇلار قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدىكى بايلىقنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ بىللە كۆمۈلگەن نەرسە-

لەرنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى، قۇللارنى دەپنە قىلغاندا قۇللارنى ئۆلتۈرۈپ بىللە دەپنە قىلىش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ تىپىك مىساللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4

VIII ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ فېئوداللىق ئىقتىسادنىڭ يۇقۇرى پەللىگە قاراپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ئوخشاشلا كەسكىن بۇرۇلۇش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن كونا ئىقتىسادىي تەرتىپ يىمىرىپ تاشلاندى. يېڭى شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي تەرتىپ بولسا بىر قۇدرەتلىك ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ۋە شۇ ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىشنى جىددىي يوسۇندا تەلەپ قىلدى. ئىپتىدائىي شەكىلدىكى قاتتىق بولغان دەرىجە تۈزۈمى مەۋجۇد بولمىغان، شۇنداقلا سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئىنكاسى بولالمىغان شامان دىنى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن فېئوداللىق يېڭى تەرتىپنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمىدى. سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە شەكىللەنگەن ۋە سىنىپىي جەمئىيەت زىددىيەتلىرىنىڭ ئىنكاسى بولغان بۇددىزىم، خرىستىئان ۋە زوروئاستىرو دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، قاتتىق بولغان دىنىي كونتروللۇققا ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە مانى دىنى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ئەڭ ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۆگۈخاقان 763-يىلى بۇ دىننى ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. «بۇ ۋاقىتتا مانى دىنى يالغۇز ئۇرخۇن، سېلېنگا دەريا ۋادىلىرىغىلا تارقىلىپ قالماي يەنە سۇلى، ئۇدۇن، كروران قاتارلىق جايلاردىمۇ مەۋجۇد ئىدى. مانى دىنى ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا ئادەم بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كېلىدۇ دەپ قارىغان بولسا كېرەك، شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا مېيىتنى تۇغما ھالغا كەلتۈرۈپ (رەختكە ئوراپ قويغان بولۇشى مۇمكىن)، ئاندىن دەپنە قىلىناتتى» (27).

مىلادى 840-يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، خانلىقتىكى خەلقلەر غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلار مانى دىنىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە غەربكە ئېلىپ بېرىپ، تاكى ئىسلامىيەت ئومۇملاشقانغا قەدەر ساقلاپ كەلگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مانى دىنىنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا خېلى ئۇزۇنغىچە ئېلىپ بېرىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. «ئەينى ۋاقىتتا خانلار ۋە بەگلەر ئۆلگەندە ساندۇققا سېلىنىپ دەپنە قىلىناتتى، قەۋرە ئۈستىگە يوپۇق يېپىلىپ تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن يوپۇق كەمبەغەللەرگە بۆلەشتۈرۈپ بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈلۈپ ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن سەدىقە بېرىلەتتى. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىدىن بىرى خانغا تەقدىم قىلىناتتى. قالغان مال-مۈلۈكلىرى پەرزەنتلىرىگە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەتتى» (29).

ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشى، ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى بىلەن ئۇچرىشىپ X ئەسىردە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدى ۋە دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدە ئىسلامىيەت پرىنسىپلىرىنى ئۆلگە قىلىشقا باشلىدى.

«ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە بولغاندا، ئاللا بەندىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەسلى ماكانىغا — تۇپراققا دەپنە قىلىش پەرھىز ئىدى» (29). شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئادەتتە يەرلىك كولاپ دەپنە قىلىشقا ئومۇميۈزلۈك ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇرلا ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئادەتتە ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. ۋاپات بولغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ پۇت-قولىنى تۈزلەپ، كۆز ۋە ئېغىزلىرى يۇمدۇرۇلىدۇ (ئېڭىكى چىتىلىدۇ) ھەمدە پاكىز ئاق يوپۇق يېپىلىپ، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەرگە قويۇلىدۇ. ئاندىن پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق رەختتىن كېپەنلىك تەييارلىنىدۇ (بەزى ئائىلىلەردە كېپەنلىك بالدۇرلا تەييارلاپ قويۇلىدۇ). بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئۈچ

ئادەم ئىسسىق سۇ بىلەن جەسەتنى يېشىدىن ئايىغىغىچە يۇيۇپ چىقىدۇ ۋە تەييارلانغان كېپەن بىلەن سولدىن ئوڭغا كېپەنلەيدۇ، ئاندىن خۇش پۇراق نەرسىلەر سېپىلىدۇ (ئەتىر سېپىش مۇسۇلمانلارغا پەرھىز ئەمەس، لېكىن بۇ ئارقىلىق كېپەننىڭ قۇرتلاپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.) ئىسلام پرىنسىپى بويىچە جەسەتنى ساقلاش ۋاقتى ئادەتتە ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئەل-جامائەت ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا مەسچىتكە يىغىلىپ جىنازا نامىزىنى ئوقۇيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، جىنازا نامىزىغا باشچىلىق قىلىدىغان كىشى جەزمەن چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى ياكى مەرھۇمنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇشى كېرەك. جىنازا نامىزى ئوقۇلغاندا مەرھۇمنىڭ تاۋۇتى جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. جىنازا نامىزىدىن كېيىن يەرلىككە قويۇشقا بولىدۇ. گۆر - ئىچ گۆر ۋە تاش گۆر دەپ كولىنىدۇ، مېيىت ئىچ گۆرگە سېلىنىدۇ ۋە يۈزى قىبلىگە قارىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىر كىشى گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا تىلاۋەت باشلىنىدۇ. دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قەۋرە قاتۇرۇلىدۇ. بۇ ئىشلار تۈگەپ ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىر، قىرقى نەزىر، يىل نەزىر قاتارلىقلار ئارقىلىق مەرھۇمغا نەزىر-چىراق قىلىنىدۇ.

## 5

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ توتېم دەۋرى، كۆپ خۇدالىق دىن دەۋرى ۋە بىر خۇدالىق دىن دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. مۇشۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىمۇ دىنلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ خىلمۇخىل شەكىللەرگە ئۆزگىرىپ تۇرغان، ھالبۇكى مۇشۇ خىلمۇخىللىق ئۇلارنىڭ قايسى خىل ئېتىقادتا بولۇشى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن، بۇ مۇراسىم قائىدىلىرىنىڭ بەزىلىرى بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن. بەزىلىرىنىڭ قالدۇق ئادەتلىرى ئىسلامىيەت قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئازساندا ساقلىنىپ كەلگەن. لېكىن، ئاشۇ يىراق قەدىمكى زاماندىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى بىرمۇ تارىخ شاھىدى تەرىپىدىن تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە سىستېمىلىق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداق بولسىمۇ بەزى پارچە-پۇرات يىپ ئۇچلىرى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلارنىڭ تەمىنلىگەنلىرى ئاساسىدا تومتاق بولسىمۇ بەزى نەرسىلەرنى ئېنىقلاشقا تىرىشتۇق. شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخى تۈگىگىنى يوق. لېكىن، بۇ مەسىلە كەلگۈسىدە تەتقىقاتچى ئۇستازلارنىڭ ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ سىستېمىلىق يورۇتۇپ بېرىلگۈسى.

**ئىزاھاتلار:**

(1) كېيىنكى ئەقلىق ئادەملەر — يېڭى ئادەم دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكىدىن چوڭ پەرق قىلمايدۇ.

(2) «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1-توم 1-كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1979-يىلى يېڭى يېزىق نەشرى، 58-، 59-بەتلەر.

(3) راشىددىن: «جامىئۇتتەۋارىخ» (خەنزۇچە) 1-توم 1-كىتاب 239-بەت.

(4) جۇۋەينى: «تارىخى جاھانكوشاي» (خەنزۇچە) 1-كىتاب 62-، 64-بەتلەر.

(5) «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1964-يىللىق 2-سان.

(6) «جوڭ خۇا ئەپەندىنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى» 24-جىلت «قۇتلانجىن ھەزرەتنىڭ تەرجىمىھالى».

(7) «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 38-قۇر، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈز 10 — ، 11-قۇرلار، «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈز 35-قۇر، شىمالىي يۈز 10-قۇر.

(8) «ئوغۇزنامە». مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 45-بەت.

(9) «تارىم» ژۇرنىلى 1984-يىللىق 7-سان.

(10) « تارىخىي خاتىرىلەر » 1980-يىل خەنزۇچە نەشرى، 204-بەت.

(11) لىن گەن: « تۈرك تارىخى » 1980-يىل، خەنزۇچە، نەشرى، 240-بەت.

(12) « جوۋنامە، تۈركلەر تەزكىرىسى »، « سۈيتامە، تۈركلەر تەزكىرىسى ».

(13) « كونا تاڭنەمە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى ».

(14) « بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى » جەنۇبىي يۈز 11-، 12-، 14-، 15-قۇرلار ۋە غەربىي جەنۇبىي يۈزى.

(15) « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى » مىللەتلەر نەشرىياتى، 55-، 56-بەتلەر.

(16) « رىمۇزە تۇيساغا » 1-توم 23-بەت.

(17) « تەۋارىخى مۇسىقىيۇن » 1982-يىل نەشرى، 26-بەت.

(18) « ئارخېئولوگىيە ئىلمى ژۇرنىلى » (خەنزۇچە) 1981-يىللىق 2-سان.

(19) « مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى » (خەنزۇچە) 1982-يىللىق 1-سان.

(20) « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » 99-100-بەتلەر ۋە « جوۋنامە، تۈركلەر تەزكىرىسى ».

(21) « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » (خەنزۇچە) 1981-يىللىق 1-سان ۋە « بۇلاق » مەجمۇئەسى 1993-يىللىق 3-سان.

(22) « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى » جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1958-يىل نەشرى، 57-، 217-بەتلەر.

(23) « ئوغۇزنامە » 45-، 46-بەتلەر ۋە « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » 143-بەت.

(24) « شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » (ئۇيغۇرچە) 1985-يىللىق 1-سان.

(25) « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » (خەنزۇچە) 1960-يىللىق 6-سان.

(26) « خەلق گېزىتى » 1977-يىل 8-دېكابىر سانى.

(27) يۇقىرىقى كىتاب 451-بەت.

(28) مەھمۇت قەشقەرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى » 1-توم 98-، 107-، 581-بەتلەر.

(29) ئىسلام شەرىئىتى بويىچە سەپەر ئۈستىدە كىتۇۋېتىپ پاراخوت ياكى كېمىلەردە ۋاپات بولغۇچىنى تېگىشلىك قائىدىلەرنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن سۇغا دەپنە قىلىۋېتىشكە بولىدۇ.

## ماقال-تەمسىللەر

ياقىغا يالۋۇرغۇچە، سۇغا سەكرەپ چۈش.

غوجىسى بوشاڭ بولسا، چاكىرى مىس-مىس بولۇر.

سۆزنىڭ بېشى قاتتىق بولسا، ئايىغى تاتلىق بولۇر.

ئاتاڭنى ساتقىچە، بوتاڭنى سات.

بوغداينى ئۈن ئەيلىگەن ئىككى تاشتۇر،
يۈرەكنى خۇن ئەيلىگەن قېرىنداشتۇر.

ياخشى ئات قامچا سالدۇرماي مەنزىلگە يېتەر،
ياخشى خوتۇن تاياق سالدۇرماي ئۆمرى ئۆتەر.

بۆرە قوشنىسىغا يامانلىق سانىماس.

ئۇن قات لاتىدىن بىر قات تىرە ئەلا.

تولغاق ئاغرىقى كۆڭۈلدە تۇرماس،
كۆڭۈلدە تۇرسا قايتا تۇغماس.

تاماق خورۇچى ھەر ئۆيدە بار،
قىلغۇچى بىر ئۆيدە (بار).

ئېشەك مىنگەننىڭ پۇتى تىنماس،
ئىككى خوتۇنلۇقنىڭ كۆڭلى (تىنماس).

ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ گۈلى،
يامان خوتۇن قارا چوماقنىڭ كۈلى.

ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق،
قىزنىڭ ئۇزلىقى ئانىغا تالىق.

(« ئارا تۈرۈك خەلق ماقال-تەمسىللىرى » دىن ئېلىندى)

# ماقال-تەمسىللەر

بېشىڭ كۆككە تاقاشسا، خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل.

كۆنمىگەن يۇرت زىنداندەك بار،
مېنمىگەن ئات يولۋاسچە (بار).

ئەلگە قىلساڭ مەنمەنلىك،
ماڭغان يولۇڭ تىكەنلىك.

يارا يەپ بەگ سۆمۈرەر ①،
سۆڭەك يەپ ئىت (سۆمۈرەر).

بايدىن بالا-قازا قورقار.

دۈشمەننى ئايىغان ئۆزى قان يالار.

خانسىز ئەل — ئىگىسىز ئۆي.

پۇقرا يىغىنى خار قىلما،
كۆڭلۈڭنى تار (قىلما).

پۇقرا ئالدىڭغا كەلسە ئەمەلىڭنى تاج قىلىپ تاقىما.

خان ئوغلىغا ئوشۇق ئاتما.

قارا ئۆينى ئۈرۈپ، ئالا ئۆينى چۆچۈتۈپتۇ.

پېقىرچىلىق ئاستا-ئاستا.

ئۇسۇرۇق غەلۋىدە ياخشى.

ئەل تويى بىلەن،
بۆرە قويى بىلەن.

① سۆمۈرەر — سەمرەر
② ئورا — تەسكەي تەرەپ.
③ ئۆۋەر — كۈنگەي تەرەپ.

دەردى بارغا بوستان ياراشماس.

كۆڭۈل بىر غۇنان تاي،
چاپىدۇ ھەريەرگە تىنماي.

ئون ئۆلۈكتىن بىر شېھىت ئەلا،
ئون شېھىتتىن بىر تىرىك (ئەلا).

ئاتىغا قالغان ئورىغا ② قالغان،
ئانىغا قالغان ئۆۋەرگە ③ (قالغان).

قوملۇقتىكى ئىز — بوقالمىقى تىز.

ئۆلۈكتىن قەۋرە قالىدۇ،
مەھبۇستىن سەۋرە (قالىدۇ).

ئايغىرى ئالا بولسا، قۇلنى ئالا ئاياغ بولۇر.

ئاچلىقنىڭ تېگىدە ھېكمەت بار،
توقلۇقنىڭ تېگىدە غەپلەت (بار).

گۈلۈڭ كۈندە ئېچىلماس.

قېرىلىق بېشىڭغا يەتسە،
تالڭ ئاتمىغان تۈن بىلەن تەڭ.
خوتۇنۇڭ ئۇرۇشقاق بولسا،
بۇلۇتلىغان كۈن بىلەن تەڭ.

ئىللەت تۈزەلمىگىچە، مىللەت تۈزەلمەس.

ئاغرىق كەتسىمۇ، ئادەت كەتمەس.

گاداي بايغا يەتسەم دېگەندەك،
باي خۇداغا يەتسەم دېگەندەك.

ياخشى قوشنا ئاتا-ئانا،
يامان قوشنا ئوت-بالا.

تۆگىنىڭ خۇيىنى مەتەر① بىلەر.

كېلىننى كەلگەندە كۆر،
يىغىنى چاپقاندا (كۆر).

ئالىمدىن ئات قالۇر،
ناداندىن داد (قالۇر).

بىلىملىك كىشى ئوقلانغان مىلتىق.

مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان.

پەزىلەت گىرىم بىلەن،
گۈزەللىك بىلىم بىلەن.

مەنسەپ كۆرگە يېقىن،
مەرىپەت گۆلگە (يېقىن).

بىلىملىك كىشى ئۆز ئۆمرىگە ئالىملىق قىلىدۇ،
بىلىمسىز كىشى كۆپىنىڭ ئۆمرىگە زالىملىق قىلىدۇ.

قول قىلغاننى بويۇن كۆتىرەر.

ئۆزىنىڭ بېشىدىكى تۆتنى كۆرمەي،
كىشىنىڭ بېشىدىكى چوغنى كۆرۈپتۇ.

كۆرۈنمەيدىغان قىر يوق،
ئېچىلمايدىغان سىر (يوق).

ئەجدادلار ئۈچۈن ياش تۆك،
ئەۋلادلار ئۈچۈن تەر (تۆك).

ياخشى ئادەم ياتلىق قىلماس.

يامان ئۆلسە يالغۇز ئۆلمەس.

ئادەمگە ئىشەنمە، ۋىجدانغا ئىشەن.

ياخشى سۆز، ياخشى خۇلۇق بىلەن ئادەم قېرىماس.

خەلققە ياققىنىڭ — خۇداغا ياققىنىڭ.

ئەگەر تۇرمىساڭ سۆزۈڭدە،
ھۆرمەت بولماس ئۆزۈڭدە.

شەيتاندىن ئادەم شەيتىنى يامان.

دۇنيا دېگەن مادا ئېشەك،
ئۇنى قوغلىغان ھاڭگا ئېشەك.

ئىنساپسىزدىن ئىت قورقار.

بېخىلنىڭ تۇمۇنسى تۆگە.

ئەقلى كۆپىنى ئاتا تۇت.

ئەقىللىق پۇل تاپسا ئايغا مىنەر،
ئەقىلسىز پۇل تاپسا لايغا (مىنەر).

كۆز يۇمغىچە داۋان ئاشقىلى بولماس،
قوتۇر ئىت تامدىن ئاشالماس.

(«ئاراتۇرۇك» خەلق ماقال-تەمسىللىرى»دىن ئېلىندى)

---

① مەتەر — تۆگىچى، تۆگە باققۇچى.

# رىۋايەتلەر

## يىغلايدىغان تاغ ئەپسانىسى

قەدىمكى زاماندا كرىسەن پادىشاھىنىڭ خانىشى بىر قىز تۇغۇپتۇ. قىز شۇنداق گۈزەل چوڭ بوپتۇكى، ئۇنى بىرلا كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئەس-ھوشىنى يوقىتىدىكەن. قىزنىڭ چىچەنلىكى ۋە گۈزەللىكى توغرىسىدا ئەل-يۇرت ئارىسىدا داستان، قىسسىلەر توقۇلۇپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، قولاقتىن-قولاققا يېتىپ، ھەر قايسى ئەللەرگە تارايتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا خوتەن شاھىنىڭ شاھزادىسى پەرھاتمۇ بۇ قىز توغرىسىدا توقۇلغان قىسسىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق-بىقارار بوپتۇ ۋە خوتەن دىيارىدىن كوسەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا قىزغا تەرەپ-تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. قىزنىڭ دادىسى (پادىشاھ) شۇنداق پەرمان چىقىرىپتۇكى:

— كىمكى ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغا تاغقا مىڭ ئۆي قېزىپ پۈتتۈرسە، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادە، بايۋەچچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يىلى چىقىپ، پەرىشان ھالدا قايتىپتۇ. خوتەن شاھزادىسى پەرھات دەشت-باياۋانلارنى كېزىپ، كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىرى كوسەنگە يېتىپ كەپتۇ، شېرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ پەرمانىنى بىجا كەلتۈرمەكچى بوپتۇ ۋە ئىرادىسىنى ئىشىق ئوتىدا تاۋلاپ، بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆز يۇرتىدا ئۆگەنگەن تاشچىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ تاغنى قېزىشقا كىرىشىپتۇ.

شېرىنمۇ پەرھاتنى كۆرۈپلا ئاشىق بوپتۇ ۋە پەرھات قېزىۋاتقان تاغقا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق ۋە تائام ئەكېلىپ بېرىپتۇ. پەرھات جاپالىق ئىشلەپ ئاخىرى توققۇزيۈز توقسەن توققۇز ئېغىز ئۆينى پۈتتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆينى قېزىشقا كىرىشىپتۇ. بۇ خەۋەر كوسەنگە تارقىلىپتۇ.

ئۈزۈندىن بۇيان شېرىنگە ئاشىق بولۇپ يۈرگەن، ئەمما ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىر جادۇگەر موماينى ئەۋەتىپ، پەرھاتقا زەھەر بېرىپ جېنىغا قەست قىپتۇ. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا ئەل-يۇرت ئىچىگە تارقاپتۇ. شېرىنمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاشىقىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىپتۇ.

بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگەن تاغمۇ تاقەت قىلالماي ياش تۆكۈپتۇ. تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ تاغنىڭ قايغۇلۇق كۆز ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈپ، مىڭ ئۆي جايلاشقان تاغ باغرىنى كۆكەرتىپ، باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **مەتىمىن بايىز** (كۇچا ناھىيىسىدىن)

توپلىغۇچى: **رېھانگۈل مەتىمىن**

## مارجان بۇلاق دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالىدا كامالەتكە يەتكەن بىر گۈزەل يالغۇز قىزى بار ئىكەن. باينىڭ قىزى دادىسىنىڭ چاكىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن. چاكارمۇ قىزنى ياخشى كۆرىدىكەن. باي تېخىمۇ يۇقىرى ئابروي، پۇل، مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن قىزنى پادىشاھقا كېنىزەكلىككە سوغا قىلماقچى بوپتۇ. باي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن چاكىرىنى يىراق يەردىكى بىر ھاشارغا ئەۋەتىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن پادىشاھقا كېنىزەك بولۇشنى راۋا كۆرمەي قېچىپ كېتىپتۇ. قىز شۇ قاچقانچە ئادەم ئايىغى يەتمىگەن بىر مەھەللە چېتىگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى بۇ يەرگە كېلىپ

قالماس دېگەن ئوي بىلەن بىر ئېگىز دۆڭنىڭ يېنىدا كەپە تىكمەكچى بولۇپ يەرنى كولاپتىكەن، ئۇ يەردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ئۇنى يەنە كولاپ، چوڭراق تاش تىزىپ سۇنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپتۇ. ئۆزىمۇ بۇلاق يېنىغا كەپە تىكىپ شۇ يەردە هايات كەچۈرۈپتۇ. باينىڭ قىزى دائىم يارىنى كېلىپ قالامدىكىن دەپ هەر كۈنى كەپە يېنىدىكى دۆڭگە چىقىپ ئەترابقا قارايدىكەن. بىر كۈنى ئادىتى بويىچە دۆڭگە چىقسا يىراقتىن شاھ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپتۇ. لەشكەرلەرمۇ قىزنى كۆرۈپ ئاتلىرىغا قامچا سېلىپتۇ. قىز قېچىشقا ئامال تاپالماي ئۆزىنى كەپىنىڭ يېنىدىكى بۇلاققا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. لەشكەرلەر دەرهال كېلىپ بۇلاققا شۇنچە قارىسىمۇ قىز كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى پەقەت قىزنىڭ بويىنىدىكى مەرۋايىت مارجان بوپتۇ. لەشكەرلەر قىزنىڭ مارجىنىنى بولسىمۇ ئالغاچ كېتەيلى، دەپ ئويلاپ مارجاننى ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئالالماي قۇرۇق قول كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. قىزنىڭ يىگىتى بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرهال هاشاردىن قېچىپتۇ. ئۇ قىز ئۆلگەن ھېلىقى جايغا كەلگەندە هوشسىزلىنىپ يىقىلىپ، شۇ پېتىچە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. يىگىتنىڭ تېنى مەجنۇن تاللارغا ئايلىنىپ قىز كۆلىگەن بۇلاقنىڭ سۈيى بىلەن كۆكلەپ ئەتراپنى يېشىللىق قاپلاپتۇ. كېيىنچە بۇ جايدا ئادەملەر ئولتۇراقلىشىپتۇ. بۇ بۇلاقتىن قىزنىڭ مارجىنى كۆرۈنگىنى ئۈچۈن بۇيەر «مارجان بۇلاق» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **راخمان ئەخمەت**
(كۈچا ناهىيىسىدىن)

توپلىغۇچى: **ئايىمنىسا راخمان**

## ئاق شەھەرنىڭ كېلىپ چىقىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسدا، ئۆتكەن زامانلار ئەۋۋىلىدە گۈل-چېچەكلەر قاپلىغان، سۇلىرى ئەلۋەك، تاغلىرى كۆككە يەتكەن، قويلىرى كالىدەك يوغىناپ كەتكەن بىر گۈزەل ۋادىدا نۇرغۇن كىشىلەر ياشايدىكەن. لېكىن، ئۇلار ئۆزىنى چىرايلىق سېلىشنى بىلمەيدىكەن. بۇ يەرگە باشقا جايلاردىنمۇ ئادەم كەلمەيدىكەن. بۇ جايدا ھېكىنىم دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ سېلىم ئىسىملىك بىر بالىسى بار ئىكەن. ئۇ ناهايىتى ئەقىللىق، زېرەك، باتۇر، ئاق كۆڭۈل، ئىرادىلىك، شوخ، تېتىك ئىكەن. ئۇ ئوقيا ئېتىشقا شۇنداق ئۇستا ئىكەنكى، بىرەر تال ئوقنىمۇ زايا قىلماي جايىغا تەككۈزىدىكەن، ئۇ هەر خىل گۈللەرنىمۇ ئۆستۈرۈشكە ماهىر ئىكەن. يىللار، كۈنلەر ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. سېلىم 16-17 ياشلارغىمۇ كىرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى سېلىمنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كىرىۋېلىپ، هۈنەر ئۆگىنىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ يىراق جايلارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. سېلىم مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، ئېگىز تاغلاردىن هالقىپ ئۆتۈپ ئاخىرى هەيۋەتلىك بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ ئالدى بىلەن كىشىلەر توپلىشىۋالغان جايغا بېرىپ قارىسا، كىشىلەر هەدەپ ئۈچ قەۋەت ئېگىزلىكتىكى بىر تاختايغا قاراپ ئوق ئېتىۋاتقان ئىكەن. ئۇ يېنىدىكى بىر ئادەمدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇ ئادەم سېلىمغا: «سۇلتانىمىز < كىمكى تاختاينىڭ يىپىنى ئۈزۈپ تاختاينى يەرگە چۈشۈرەلىسە، مەن ئۇنىڭ هەرقانداق تەلىپىنى ئورۇنلايمەن > دېگەن ئىدى، بىز تەلىيىمىزنى سىناۋاتىمىز» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سېلىم ئوقيانى ئېلىپ بىر ئوق ئېتىپتىكەن، تاختاينىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. كىشىلەر ئالقىش ئىچىدە ئۇنى خان هوزۇرىغا تەكلىپ قىپتۇ. خان ئۇنىڭدىن:

— قانداق تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. سېلىم ئىككىلەنمەستىن:

— ماڭا ئۆي سېلىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، — دەپتۇ. سۇلتان دەرهال سېلىمنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بىرنەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سېلىم بىناكار بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. سېلىم پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ باشقا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆز يولىدىكى ئورمانلىقتىن نۇرغۇن گۈل-چېچەك ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇ ئاخىرى يەنە بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ شەھەردە بىرەر تۈپمۇ گۈل-گىياھ يوق ئىكەن. ئۇ ئۆز هۈنىرىنى

ئېشقا سېلىپ، ئۆزى ئېلىۋالغان ئۇرۇقلار بىلەن شاھقا ئۇرغۇن چىرايلىق گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىپتۇ. شاھ خۇشال بولۇپ ئۇنىڭدىن:

— قانداق تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ:

— ماڭا ياغاچچىلىقنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. شاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى خارەت-ياغاچچى ئۇستىلىرىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك بولغاچقا ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ بولۇپ يەنە نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇ ئاخىرى ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. سېغىنغان مېھرىبان دادىسى ۋە ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئەلگە ئالدى بىلەن ئۆزىگە چىرايلىق قىلىپ ئۆي ۋە ھەر خىل ئۆي جاھازىلىرىنى ياساپتۇ. ئۆز ھۈنىرىنى يۇرتداشلىرىغا ئۆگىتىپتۇ. ئاخىرى بۇ يۇرتنى كۆركەم ئۆيلەر قاپلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈزەل ۋادا روناق تېپىپ «ئاق شەھەر» دېگەن بىر گۈزەل شەھەر بارلىققا كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **جۇمەخۇن** (كۇچا ناھىيىسىدىن)

تopلىغۇچى: **بەختىگۈل جۇمە**

## قۇرۋان ئاتام مازىرى ھەققىدە رىۋايەت

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا كۇچادا پۈتكۈل سۇ ئىشلىرىغا قارايدىغان قۇرۋان ئاتام ئىسىملىك بىر ئادەم بولغان ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. قۇرۋان ئاتام جان ئۈزۈش ئالدىدا:

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغنىڭ چوققىسىغا ئەپچىقىپ قويۇڭلار. مەن كۆزۈم يەتكەنلا يەرگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىمەن. مېنى تاغنىڭ چوققىسىغا ئەپچىققىچە قويماي كۆتۈرۈپ مېڭىڭلار. ئەگەر جەسىتىمنى يول ئۈستىگە قويساڭلار كۆتۈرەلمەيسىلەر، — دەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرۋان ئاتام ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. كىشىلەر يىغا-زارە قىلىشىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويماقچى بولۇپ ئۇنى تاغقا ئېلىپ مېڭىپتۇ. تاۋۇتنى كۆتەرگەن كىشىلەر تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، قۇرۋان ئاتام ھايات ۋاقتىدا ئېيتقان سۆزىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تاۋۇتنى قويۇپتۇ، ئەمما ئىككىنچىلەپ كۆتۈرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرۋان ئاتامنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سوغۇ قاتارلىق چەت جايلارنى قۇرۋان ئاتام كۆرەلمىگەچكە، ئۇ يەرلەردە سۇ ئازلاپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر قۇرغاقچىلىق بولغاندا تاغقا بېرىپ قوي ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ، نەزىر بېرىدىغان بولۇپتۇ. بارا-بارا قۇرۋان ئاتامنىڭ قەبرىسى مازارغا ئايلىنىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ئېلاخۇن ئۇستام** (كۇچا ناھىيىسىدىن)

## رېھانەم كېچىكى

بۇرۇن ئاليا دېگەن بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى باينىڭ بىرقانچە قويى كۆلچەككە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان باي ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. ئاليا باينىڭ رېھانەم ئىسىملىك قىزى ئاتىسىنىڭ قويلار ئۈچۈن كۆلگە چۈشۈپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ «مەن ئاتامنىڭ ئۆلگەن جايىغا بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن» دەپ قېرىنداشلىرىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئات مىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. باشقىلارمۇ كەينىدىن ئاتلىق ئىز بېسىپ مېڭىپتۇ. رېھانەمنىڭ ئۆيىدىن ئاليا چۆلىگە بارغىچە چوڭ دەريادىن (تارىم دەرياسى — يەرلىكلەر چوڭ دەريا دەپ ئاتىغان) ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. رېھانەم تازا ئاتنى چاپتۇرۇپ كېلىپ بۇ دەريادا توسۇلۇپ قاپتۇ. ئاتنىڭ دەردىدە ئۆزىنى يوقاتقان رېھانەم باشقىلارنىڭ دەريا بەك چوڭقۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىك يوق، ئۆتمەك دېگىنىگە قۇلاق سالماي ئاتقا قامچا ئۇرۇپ دەرياغا كىرىپتۇ. باشقىلار چۇقان

سېلىپ رىھانەمنى يېنىپ چىقىشقا دەۋەت قىلىپتۇ. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان شىددەتلىك دەريا سۈيى رىھانەمنى ئېتى بىلەن بىللە يالماپ يۇتىۋېتىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن رىھانەم ئېتى بىلەن كىرىپ ئېقىپ كەتكەن جاينى كىشىلەر «رىھا- نەم كېچىكى» دەپ ئاتاپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئېزىز قۇربان (كۇچا ناھىيىسىدىن)

توپلىغۇچى: ئاشىق ھاشىم

## تەلەمەت داۋىنى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

تەلەمەت ئۆزىنىڭ ھاۋا كېلىماتىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئۆزگىرىشچانلىقى، داۋان يولىنىڭ زىيادە تىكلىكى بىلەن تارىختىن بۇيان مەشھۇردۇر. تەلەمەت ھەققىدە بۇرۇندىن تارتىپ كىشىلەردە «داۋاننىڭ تىكلىكىدىن ئالدىڭدا ماڭغان ئات-ئېشەكنىڭ تېزەكلىگەن تېزىكى يەرگە چۈشمەي بېشىڭدىن ھالقىيدۇ» دېگەندەك سۆزلەر تارقالغان. ئىلگىرى بۇ داۋاندىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئات-ئېشەكلىك كارۋانلار بىر كۈن سەرپ قىلىپ تەييارلىق قىلىدىكەن، يېرىم كۈن داۋانغا ئۆرلەپ، يېرىم كۈن پەسكە چۈشىدىكەن. ئەگەر جۇدۇنغا يولۇقۇپ قالسا، بارلىق تەئەللۇقاتىدىن، ھەتتا جېنىدىن ئايرىلىدىكەن. شۇڭا، كارۋانلار ھاۋانىڭ تۇراقلىق بولىشىنى كۈتۈپ، داۋاننىڭ قاپتىلىدا ھەپتە-ئون كۈنلەپ ساقلاپ ياتىدى- كەن. كىشىلەر تەلەمەت يولىنى «بارسا كەلمەس يول» دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇرۇنقى زاماندا كۇچا دىيارى ئۆز ئېتىكىدىكى قوشنىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشمايدىكەن. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، كۆككە تاقاشقان تەگرىتېغى چوڭ توساق ئىكەن. بۇ تاغدىن ھېچبىر جانلىق ئۆتەلمەيدۇ دەپ قارىلىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كۇچا خانلىقى تەۋەلىكىدىن ئەمەت ئىسىملىك بىر كىشى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، خاننىڭ زىندانىغا قامىلىپتۇ. خان تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ شىكايەتنامىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەمەتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ئەمەت دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىگە بېرىلگەن جازادىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، زىنداندىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئەمەت قاچقاندىن كېيىن پادىشاھ ھەممە يەرگە ئەمەتنى تۇتۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئەمەت كۇچا تەۋەلىكىدە تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى تاپالماي جېنىنى ئالقانغا ئېلىپ، كۇچا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تەگرىتاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قېچىپتۇ. ئەمەت توختىماي ئىلگىرىلەپ، تاغ جىرالىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ چوڭ كۆل، كىچىك كۆللەرگە يېتىپ بېرىپ، يەنىمۇ ئېگىزگە قاراپ مېڭىپ تىك داۋانغا يېتىپتۇ. «ھېچقانداق جانلىق ئۆتەلمەيدۇ» دەپ قارالغان قار-مۇز قاپلىغان چوققىغا ئۆرلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياساۋۇللار داۋامىلىق قوغلاۋېرىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى شاھقا خەۋەر قىلىپتۇ. شاھ بۇنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا ساقاللىرىنى قاماللاپ تۇرۇپتۇ:

— ھەي تەلۋە، ھەي تەلۋە ئەمەت!

— دەپ غەزەپلىنىپتۇ. بۇرۇندىن سىرلىق دەپ قارىلىپ، ئادەم، ئات-ئۇلاق ماڭالمايدىغان بۇ داۋان يولى ئەمەتنىڭ تەۋەككۈل قىلىپ مېڭىشى بىلەن ئېچىلىپ، كارۋانلار قاتنايدىغان بوپتۇ.

كىشىلەر داۋان يولىنىڭ نامىنى ئاتاشتا پادىشاھنىڭ دېگىنىگە ماسلاشتۇرۇپ، «تەلۋە ئەمەت داۋىنى» دەپ ئاتاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ داۋان «تەلەمەت داۋى- نى» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىۋېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەمەت سىيىت، (كۇچا ناھىيىسىدىن)

توپلىغۇچى: ئېلى مەمەت

(«كۇچا خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى)

# پادىشاھ ئازادى مېھرى بىلەن مەلىكە زىبا چېھرى ۋە [illegible] ھېكايىسى

ئىراقنىڭ بىر شەھىرىدە ئالىي مەرتىۋىلىك ۋە شانۇشەۋكەتلىك ناھايىتى سەلتەنەتلىك بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھەددى ھېسابسىز كۆپ ۋە غەزىنىلىرى بىھېساپ ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئىككىنچى بىر پادىشاھ يوق ئىكەن. ئەسكەرلىرىنىڭ تىغۋازلىق ئىلمىگە كامىل ۋە جەڭگە ماھىرلىقى جەھەتتىنمۇ ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان پادىشاھ يوق ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ جەڭ ماھارەتلىرىگە كامىل بولۇپ، خۇسۇسەن ئوقيا ئېتىشتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان ئادەم يوق ئىكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىگە لايىق كەلگۈدەك ئالىي ئوردا، قەسىر ۋە بىنالارنى ياساتقان، باغۇ-بوستانلارنى ئەھيا قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە مەخسۇس ياساتقان ئالىي قەسىرلىرىگە «قەسىرى خەيرى ئابات» دەپ ئىسىم قويغان ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى ئازادى مېھرى ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئازادى مېھرى خەيرى ئابات قەسىرىدە بەزمە قىلىپ ئولتۇرغاندا، بىللە ئولتۇرۇشقان دۆلەت ئەركانلىرى ۋە سەلتەنەت يېقىنلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ۋەزىر پەگاغا چۈشۈپ قول باغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئى جاھانپانا شاھىم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن ۋە دۆلەت سىلىگە ئەبەدى يار بولسۇن. پېقىرنىڭ ئويلىشىچە، بۇ ئالىي باغۇ-بوستان ۋە سارايغا بىر گۈزەل ۋە دانىشمەن مەلىكە لازىم ئىدى. بۇ شاھانە قەسىرگە شۇنداق بىر پاراسەتلىك ۋە گۈزەل مەلىكە بولمىسا مۇناسىپ كېلەرمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزى پادىشاھ ئازادى مېھرىگە يېقىپتۇ-دە:

— ئەنە شۇنداق گۆھەرنى ئىزدەپ تېپىشقا تەرەددۇت قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خەيرىيەتلىك ئىشقا كىرىشىپتۇ. لېكىن، ھەر تەرەپ، ھەر شەھەرلەردىن خەۋەر ئېلىپ ئاقتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنداق يېگانە گۆھەردىن خەۋەر ئالالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۈمىد ئۈزمەي داۋاملىق ئىزدەۋېرىپتۇ. ئاخىرى بىر جايدىن «پالانى يەردە جەمشىتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان پەرى سۈپەتلىك گۈزەل بىر قىز بار ئىكەن. ئادەم نەسلىدە ئۇنداق ھۆسنى-جامالى كېلىشكەن قىزدىن ئىككىنچى بىرى تېپىلمايدۇ. بولۇپمۇ تائەت-ئىبادەتتە ۋە تەقۋالىقتا ئالەمدە تاق، خۇي-پەيلى ۋە مىجەزىنىڭ تۈزۈكلىكى، پاكلىقتا يېگانە ئىكەنلىكتە شۆھرىتى چىققان، ئەقىل ئىدراك ۋە دانىشمەنلىك بابىدا دەۋرانىدا بىردىن-بىر بولغان قىز ئىكەن» دېگەن خەۋەر كەپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئازادى مېھرىنىڭ ئىشتىياقى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ، دەرھال ناھايىتى كۆپ سوۋغا-سالاملار بىلەن قىزغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر بېرىپ قارىسا، ئۇ تەرىپ قىلىنغاندىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئىكەن. ئۇلار جان-دىللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ۋە ئەدەب-ئەخلاقىغا شەيدا بولۇشۇپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى زىبا چېھرى ئىكەن. قىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرى «ئەگەر قىزىمىزنى بەرمىسەك، زورلۇق بىلەنمۇ ئالالايدۇ. پادىشاھقا ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتەلمەيمىز؟ تەكلى بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ نائىلاج رازىلىق

بېرىپتۇ. ئەلچىلەر خوشاللىق بىلەن پادىشاھقا ۋىسال خۇشخەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ توي تەرەددۇتىنى قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ-دە، خەلققە توي خەۋىرىنى جاكارلاپ، باشقىلارنىڭ تويلۇقلىرىدىن ئون ھەسسە كۆپرەك تويلۇق تەييارلاپ، ئۇ دەۋران نادىرەسى بولغان قىزنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ ۋە بۇ تەرەپتىمۇ ئۆزىگە ياراشا مېھمانلارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپتۇ. ياخشى سائەتنى تاللاپ، ئۆلىمالار شەرىئەت ھۆكمى بىلەن ئەقدى نىكاھ قىلىپتۇ... شۇنىڭ بىلەن مەلىكىنى ھەرەم خانىسىغا ئەكىرىپتۇ ۋە ھەر ئىككى تەشنا بولغانلار بىر-بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ مەلىكە زىبا چېھرىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتى ئون ھەسسە كۈچىيىپتۇ. باغى سەرۋى ئازات ۋە قەسرى خەيرى ئاباتمۇ مەلىكىنىڭ چىرايلىقلىقىغا تەسلىم بولۇپتۇ. ئۇلار كۆڭۈللىرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن شىكارغا چىقىپ سەھرانى سەيلە قىلىدىكەن، ھەپتىنىڭ قالغان بەش كۈنىدە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ غېرىب-غۇرىبالارنىڭ ئەرز-داتلىرىنى سورايدىكەن، كېچىسى بولسا باغى سەرۋى ئازاتقا بېرىپ، خەيرى ئابات قەسرى ئىچىدە مەلىكە زىبا چېھرى بىلەن ئولتۇرۇپ خۇشال-خۇرام ئۆتىدىكەن. ئەنە شۇنداق ئەيشى-ئىشرەتلەر بىلەن بىرنەچچە ئايلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ شۇنداق گۈزەل مەلىكە بىلەن ئەيشى-ئىشرەتتە خۇشال-خۇرام ئۆتكەنلىكىگە پەخىرلىنىدىكەن ۋە خۇشاللىقىنىڭ چېكى يوق ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭ كاج،پەلەكنىڭ تەتۈر ئايلىنىشىدىن ۋە ئالەم خەلقىنىڭ ھەسەت قىلىشلىرىدىن خەۋىرى يوق ئىكەن.

يەنە بىر كۈنى ئۇ خەيرى ئابات قەسرىدە مەلىكە زىبا چېھرى بىلەن بەزمە قىلىپ، شاتلىق ئەۋجىنى قەسرنىڭ گۈمبىزىگە يەتكۈزۈپ، مەست ھالدا مەلىكىنىڭ ۋىسال شاتلىقىدا ئولتۇرغاندا، ئاسماندا بىر توپ غاز قەسىر ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. غازلار دەل قەسىر ئۈستىگە كەلگەندە، پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپتۇ-دە، مەست بولغانلىقىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۈچ تال ئوق بىلەن ياسىداق ياسىنى ئېلىپ، ئوقنى ياغا قويۇپ، ياخشى چەنلەپ تۇرۇپ، ئۇستا مەرگەنلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە يانىڭ كىرىچىنى چىڭ تارتىپ، ئوقنىڭ ئۇچىنى يانىڭ ياغىچىغا تەككۈزۈپ غازلارغا قارىتىپ بىر ئاتقان ئىكەن، ئوق غازلار سېپىگە يېتىپ بېرىپ، بىر غازنىڭ كۆكسىدىن كىرىپ دۈمبىسىدىن چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۈچ تال ئوق بىلەن ئۈچ غازنى ئېتىپ چۈشۈرۈپتۇ. غازلارنىڭ ئاسماندىن موللاق ئېتىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكىگە تېخىمۇ پەخىرلىنىپتۇ. مۇلازىملار غازلارنى كاۋاپ قىلىپتۇ ۋە ئۈچ دانە كۈمۈش لېگەنگە سېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ داستىخانغا تىزىپتۇ. ئاشپەزلەر كېلىپ غازنى بەندى-بەندىدىن ئاجرىتىپ پارچىلاپتۇ. كاۋاپنى يەپ ئولتۇرۇپ پادىشاھ تېخىمۇ پەخىرلىنىپ، شۇنداق دەپتۇ:

— كەمبەغەللەرنىڭ قولىدىن مۇشۇنداق ئىشلار كېلەمدۇ مەلىكە؟ قارىغىنا، ئەگەر بىرەر كاسىپنىڭ نىكاھىدا بولغان بولساڭ بۇنداق دۆلەت، ئىززەت-ئابروي نەدە ئىدى ساڭا؟

مەلىكىگە پادىشاھنىڭ بۇ سۆزلىرى ياقماپتۇ، ئەمما كۆرۈنۈشتە ماقۇللىغاندەك قىلىپ ئەگىلەپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەر كىشىنىڭ ئۆيىدە ياخشى بىر ئىپپەتلىك خوتۇنى بولغان بولسا، ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ بەركىتىدىن ئەرنىڭ توققۇز ئوقى نىشانغا تەگسە ئەجەب ئەمەس. چۈنكى، شاراپەت، بەرىكەت دېگەن بىرەيلەننىڭ قەدىمىدە، بىرەيلەننىڭ نەپسىدە، بىرەيلەننىڭ قولىدا بولىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ

سۆزىنى ئاڭلاپ رەنجىپتۇ.

— ھەي چىچى ئۇزۇن، — دەپتۇ غەزەپلەنگەن پادىشاھ، — بۇ كىيىنكىچە سېنىڭ قەدىمىڭنىڭ بەركىتىدىن مېنىڭ ئوقۇم ئۈچ غازغا تەككەن ئوخشىمامدۇ؟ ئەگەر سېنىڭ ئايىقىڭ يارىشىپ مۇشۇ ناز-نېمەت ماڭا نىسىپ بولغان بولسا، بولدى، مەن بۇنداق دۆلەتتىن بىزارمەن. سېنى مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە نىكاھىمدىن جۇدا قىلدىم، — پادىشاھ يەنە مۇلازىملارغا بۇيرۇپتۇ، — ھەيدەپ چىقىرىڭلار بۇ بىئەدەبنى، نەگە بارسا شۇ يەرگە بارسۇن!

مەلىكە زىبا چېھرى ئۆزىنىڭ بېشىغا بۇ كۈننىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرەنجىسىنى بېشىغا ئارتىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— سەندىن ئايرىلسام ئۆلۈپ قالمايمەن پادىشاھ. نىكاھ، رىسقى دېگەنلەر خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن بولىدۇ. يادىڭدا بولسۇنكى، ئىككى پۇلى يوق ئوتۇنچىدىن بىرسىگە تېگىمەن، ئاللا تائالانىڭ قۇدرىتىدىن ئۈمىدىم باركى، ئاشۇ ئوتۇنچى سەندىنمۇ چوڭ پادىشاھ بولۇپ كەتمەيدىغان بولسا ھېساب ئەمەس، — دەپتۇ-دە، خەيرى ئابات قەسرىنىڭ دىمرۋا-زىسىدىن چىقىپ خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ يولغا چۈشۈپتۇ، لېكىن نەگە بارارىنى بىلمەيدىكەن. چۈنكى، بىرەر ئادەمدىن يول ۋە تەرەپنى سوراپمۇ ئالمىغان ئىكەن. خەيرى ئاباتنىڭ بىر تەرىپى سەھرا يولغا تۇتىشىدىكەن. مەلىكە دىلىدا ئاللانى ياد ئېتىپ ئاشۇ سەھرا يولغا چۈشۈپ كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا ئالدىغا بىر ئەر كىشى ئۇچراپتۇ. مەلىكە شۇنداق قارىسا، بايا ئۆزى ئېيتقاندىنمۇ نامرات بىر ئادەم بولۇپ، قولىدا بىر ئەسكى ئوغاق، بىر ئاغامچا ۋە توقۇناقتىن بۆلەك دۇنيالىقتىن ھېچقانداق نەرسىسى يوق ئادەم ئىكەن. مەلىكە ئۇنىڭ ئۇستىۋاش ۋە دىدارىغا قاراپ بۇ يۇرت تەۋەسىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئاۋارە ئادەم يوق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىپتۇ. ئۇ ئەركەك ئۆمرىدە ئوتۇنچىلىقتىن باشقا ئىشنىمۇ قىلىپ باقمىغان ئىكەن، باشقا ھۈنەرنىمۇ بىلمەيدىكەن، ھەر كۈنى ئوتۇن يۇدۇپ كېلىپ، سېتىپ، پۇلىغا ئۇن ئېلىپ كېلىدىكەن ۋە ئۇنى ياغ ۋە گۆشسىز قۇرۇق سۇغا سېلىپ ئىچىدىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈنى شۇ تەرىقىدە ئۆتىدىكەن. مەلىكە زىبا چېھرى ئۆزىگە خۇدادىن ھىممەت تىلەپ، قول باغلاپ تۇرۇپ ئوتۇنچىغا سالام بېرىپتۇ ۋە دىلىدا خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى بەرھەق خۇدا، مەندەك بىر ئاجىز ۋە بىچارە مەزلۇمنىڭ دۇئا ۋە ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلغاي-سەن» دەپ خۇداغا سېغىنىپتۇ. ئوتۇنچى جاۋاب سالام بەرگەندىن كېيىن مەلىكىنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قارىسا شۇنداق گۈزەل، پەرىزاتتەك چىرايلىق قىز ئىكەنكى، ئۇ باغى ئىرەمدىن ياكى ھۆرلەر ماكانىدىن چىققان بولمىسا، ئادىمىزات نەسلىدىن ئۇنداق چىرايلىق سۈرەت تۇغۇلغان ئەمەس.

ئوتۇنچى كۆزىنى ئېخىمۇ يوغانراق ئېچىپ ھەيرانلىق بىلەن مەلىكىگە تېخىمۇ بەك سەپ سېلىپ قاراپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ قايسى شەھەردىن بولىسىز؟ مەھەللىڭىز قەيەردە؟

مەلىكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئوتۇنچى خۇدىنى يوقىتىپ قويغان ھالدا ئېلەڭ-سىلەڭ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئى دەۋراننىڭ يېگانىسى، مېنىڭ ئىسمىنى سىيىت ھېزىمكەش① دەپ ئاتايدۇ. مۇشۇ دىياردىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەم مېنى بىلىدۇ. بۇ

① ھېزىمكەش — ئوتۇنچى مەنىسىدە.

شەھەردە كەمبەغەللەر ئولتۇراقلاشقان بىر مەھەللە بار. ئۇنى مىرات مەھەللىسى دەپ ئاتايدۇ. مىنىڭ ئۆيۈم ئاشۇ مەھەللىدە. خوتۇنۇم ۋە ئىككى ئوغلۇم بار. بىرسىنىڭ ئىتى مىجىت؛ بىرسىنىڭ ئىتى ھىمىت. ھەر كۈنى ئوتۇن ئەكىلىپ سىتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئۇن ئەكىلىپ بىرىمەن، ئانىسى يا كوچا، يا ئاتىلا ئىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاماققا كۈچىمىز يەتمەيدۇ.

— مەن ئۆز ۋۇجۇدۇمنى سىزگە بىغىشلىدىم، ئەمدى تىزراق ئوتۇنغا بىرىڭ ۋە ساتقان پۇلىڭىزغا ئۇن ئىلىپ ئۆيگە بىرىڭ، باللار ئاچ قالمىسۇن، — دەپتۇ مەلىكە.

شۇنىڭدىن كىيىن مەلىكە شەھەرگە قاراپ راۋان بوپتۇ ۋە شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ مىرات مەھەللىسىنى سوراپ تىپىپتۇ. مەھەللىگە بارغاندىن كىيىن ئۇ، ئادەملەردىن سىيىت ھىزىمكەشنىڭ ئۆيىنى سوراپ تىپىپتۇ. مەلىكە بىرىپ قارىسا، ئۇ ئۆي ئىشكى بار ئىكەنلىكى كۆزگە چىلىقىپ تۇرىدىغان، تام ئورنىدا بىر دۆۋە لاي قوپۇرۇلغان بولسىمۇ، پاسىقلارنىڭ كۆڭۈلدىنمۇ قاراڭغۇراق، بىخىللارنىڭ دىلىدىنمۇ بەتتەر ۋەيران بولغان جاي ئىكەن. مەلىكە ھويلىغا كىرىپ تۆت تامغا نەزەر سالپتۇ. قارىسا ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدە بىر-ئىككى ئىغىز ئۆي بار ئىكەن، لىكىن ئۆي ۋە ھويلىغا سۈپۈرگە تەككەننىڭ نىشانىسى يوق ئىكەن. تۇپا-چاڭ، ئەخلەت ۋە خەس-خەشەكلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىكەن. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇ ئاقىدىغان ئىرىق بار ئىكەن. مەلىكە «ئاللا» دەپ قەدەم قويۇپ ئىرىق بويىغا كەپتۇ. قارىسا ئىرىق بويىدا بىر ئايال ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇستى-بىشى جۇل-جۇل، چاچلىرى چاڭگىللاشقان، چاچلىرىغا ئوت-خەسلەر چاپلىشىپ كەتكەن، بۇ ئۆيگە كەلگەن زاماندىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىشىغا تاغاق تەككەن ياكى چىچى ئۆرۈلگەن نىشانىسى يوق، يۈز-كۆزلىرىنى قاسماق بىسىپ كەتكەن، ئۆمرىدە بىرەر قىتىم ئەينەككە قاراپ باققانغا ئوخشمايدىغان ئايال ئىكەن. مەلىكە بۇ خوتۇننىڭ سىيىتنىڭ جۈپتى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ ۋە خۇشال-خۇراملىق بىلەن خوتۇننىڭ ئالدىغا بىرىپ سالام بىرىپتۇ ھەم قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ ناھايىتى مۇلايىم، شىرىن سۆزلەرنى سۆزلەپتۇ. ئاندىن كىيىن مەلىكە بىشىدىن پەرەنجىسىنى ئىلىپ بىر چەتكە قويۇپ، كۆينىكىنىڭ ئىتىكىنى بىلىگە قىستۇرۇپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، «بىسمىللا» دەپ ئىشقا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن، ھويلىدىكى خەس-خەشەكلەرنى تىرىپ جۇغلىغان ئىكەن، ئۈچ يىل قالسىمۇ تۈگىمىگىدەك خەشەكلەر يىغىلىپتۇ. ئۇنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كىيىن ھويلىغا سۇ چىچىپ، سۈپۈرۈپ پاكىزە تازىلاپتۇ. ئۇندىن كىيىن قازان بىشىغا بىرىپ قارىسا، قازاننىڭ ئىچىدىن تىشى پاكىزراق ئىكەن. مەلىكە قازاننى ئىسىپ، شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئۆرتەپ تازىلاپتۇ. ئاندىن كىيىن قازاننى ئىسىپ سۇ ئىسسىتىپ، ئۇ خوتۇننى ئۇنىمىغىنىغا قويماي باشتىن ئاياغ يۇيۇندۇرۇپ پاكىزىلەپتۇ ۋە ئۆز تاغىقى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى ناھايىتى مۇشەققەتتە تاراپ، ئۆرۈپ، زۇلپى چاچلىرىنى ياساپتۇ. كىيىملىرىنىڭ يىرتىقلىرىنى ئۆزىنىڭ ياقىسىدىن يىپ-يىڭنە ئىلىپ چىرايلىق ياماپ بىرىپتۇ ۋە بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كىيىن:

— ھىمىت بىلەن مىجىت ئوغۇللىرىم قىنى؟ — دەپ سوراپ تۇرۇشىغا كوچىدىن ئىككى ئوغۇل يىغلىغان پىتى كىرىپ:

– ئانا، ئاتام كەلمىدى، بىزنىڭ قورسىقىمىز ئىچىپ كەتتى، — دىيىشىپتۇ. مەلىكە بۇ باللارنىڭ سىيىت ئوتۇنچىنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ:

— يىغلىماڭلار ئوغۇللىرىم، ئاتاڭلار ھازىر يولدا كىلىۋاتىدۇ، بىردەمدە يىتىپ كىلىدۇ، —

دەپ بەزلەپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ باش-كۆزلىرىنى يۇيۇپ پاكىزلەپ، يىرتىق-ياماقلىرىنى ياماپ، بۇ ئىككىسىنى خېلى ئىسكەتكە كىرگۈزۈپتۇ ۋە شېرىن گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى ياساپتۇ. ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ:

ئوتۇنچى سىيىت ھېزىمكەش مەلىكىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خىيال سۈرۈپ «ئەمدى بىر مۈشكۈللۈكتە قالدىڭ، مۇشۇ مەينەتلىكىڭ بىلەن بۇ پىپەتكەر جادۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالمساڭ ياخشى بولاتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار سېنى مەسخىرە قىلمىدىغان بولدى ئەمدى، ئوتۇنچىلىقتىنمۇ قوغلىۋەتمىسە ياخشى ئەمدى» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن جاڭگالغا بېرىپ ئاۋۋالقىدەكلا ئوتۇن ئېلىپ بازارغا بېرىپتۇ ۋە ساتقان پۇلىغا ئۇن ئېلىپ ئۆيىگە كەلگىچە كەچ كىرىپتۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى ئىلاھىنىڭ ھېكمەتلىرىن تېخى خەۋىرى يوق ئىكەن. ئۇ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ قارىسا ھويلا ئارامىلىرى تا كوچىغىچە سۈپۈرۈلگەن. ھويلىنىڭ ئىچىگە قارىسا ناھايىتى چىرايلىق تازىلىنىپ قالغان، خوتۇنى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ رەڭگى-روپى ئاپئاپتەك چىرايلىق بولۇپ قالغان ئىكەن.

— ئاناڭلار ھېرىپ قايتىپ كەلدى، يۇگۇرۇڭلار باللىرىم، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ مەلىكە سىيىت ھېزىمكەشنى كۆرۈپ.

مىجىت بىلەن ھىمىت ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ «ھارماڭ ئاتىجان» دەپ ئىككىسى ئاتىسىنىڭ ئىككى پېشىدىن تۇتۇپ ئۆيگە باشلاپتۇ. سىيىت باللىرىغا زەڭ سېلىپ قاراپ ئۆز باللىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۆمرىدە ئۆز ئۆيى ۋە باللىرىنى بۇنداق پاكىزە ھالدا كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. ئۇ ھەيرانۇ-ھەس ھالدا ئۆيگە قەدەم قويۇپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئۇننى ئاپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپ-

تۇ. قازاندا سۇ قايناپ تۇرغان ئىكەن، مەلىكە ئۇننىڭ يېرىمىنى سېلىپ بىر قازان ئاتلا ئېتىپتۇ، ھەممەيلەنگە بىر-ئىككى قاچىدىن قۇيۇپ بەرگەن ئىكەن، ھەممىسى تويۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ئاشنىڭ يېرىمى ئېشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ كېچە راھەتلىنىپ ئۇخلۇشۇپتۇ. مەلىكە كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن تۈنۈگۈن ئېشىپ قالغان يېرىم قازان ئاتلىنى ئىسسىتىپ يەنە ئىككى قاچىدىن قۇيۇپ بېرىپتۇ. ھەممىسى يەنە تويۇشۇپتۇ. سىيىت مەلىكىدىن رۇخسەت ئېلىپ يەنە ئوتۇنغا بېرىپتۇ ۋە كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئوتۇن ساتقان پۇلىغا ئۇن ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە يەنە ئۇننىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قېلىپ بىر قازان ئاتلا ئېتىپ ھەممىسىنى راسا تويغۇزۇپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە مەلىكە سىيىتكە:

— بۈگۈن ئۇن ئالماڭ، پۇلىنىڭ يېرىمىغا گۆش، يېرىمىغا ياغ ئېلىپ كېلىڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئۇ كۈنى سىيىت مەلىكىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئوتۇننى سېتىپ ياغ ۋە گۆش ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ كۈنى ياغلىق ۋە گۆشلۈك ئاتلا ئىچىپتۇ. ئەتىسى مەلىكە:

— بۈگۈن سەۋزە، پىياز ئەپكېلىڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ. سىيىت سەۋزە، پىياز، گۈرۈچ ۋە تۇز ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە راسا ئوختۇتۇپ بىر قازان پولو ئېتىپ ئۇلارنى پولوغا بىر تويغۇزۇپ قويۇپتۇ. بىرنەچچە ۋاقىت مانا شۇ تەرىقىدە ئۆتتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۇن ۋە ياغ گۆشلەر خېلى جىق يىغىلىپ قاپتۇ. ئەمدى مەلىكە بىر كۈنى پولو ئەتسە، ئەتىسى باشقا بىر ياخشى تاماق ئېتىپ بېرىدىغان بوپتۇ. يەنە بىر كۈنى مەلىكە سىيىتكە:

— بۈگۈن ئوتۇننىڭ پۇلى قولىڭىزغا تەككەن زامان ئالدىڭىزغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ. سىيىتمۇ

ناھايىتى ئالدىراپ ئوتتۇننى سىتىپ، پۇلنى قولىغا ئېلىپ، ئۇيان-بۇيانغا قاراپتۇ، قارىسا بىر ئادەم قولىدا توخۇغا ئوخشايدىغان بىر پەرەندىنى قانات ۋە پۇتلىرىنى باغلاپ ساتقىلى ئەكىرگەن ئىكەن.

— ھەي بۇرادەر، بۇ پەرەندىنىڭ باھاسى قانچە؟ — دەپ سوراپتۇ سىيىت.

— ئىككى تەڭگە بېرىڭ، — دەپتۇ ساتقۇچى.

سىيىت دەرھال قولىدىكى پۇلدىن ئىككى تەڭگىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ ۋە پەرەندىنى ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئېلىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ پەرەندىنى سىيىتنىڭ قولىدىن ئېلىپ باش-كۆزلىرىنى سىلاپ، پۇت ۋە قانىتىنى يېشىپ قويۇپ بېرىپتۇ. سىيىت ھەر كۈندىكى ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. بۇ قۇشنىڭ ئىسمى «مۇرغى ھەپتى ناتىقە» ① ئىكەن. بۇ قۇش ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە ئۇچرىسا، يەتتە خىل زۇۋاندا سۆزلىيەلەيدىكەن، قارا نىيەت ئادەم ئۇچراپ قالسا، سۆزلىمەيدىكەن، خاسىيىتىنىمۇ بىلدۈرمەيدىكەن. ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىكەنكى، ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم گۆھەر كاكىلايدىكەن. خۇدايىتائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئەنە شۇ قۇشنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بۇ قۇش خېلى كۆپ گۆھەر كاكىلاپتۇ. سىيىتمۇ باي بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە سىيىتكە:

— بۈگۈن جاڭگالغا بارماڭ، بازارغا بارىسىز، — دەپتۇ. قىيام ۋاقتى بولغاندا مەلىكە بىر جۈپ گۆھەرنى بىر ئاق رومالغا ئوراپ ئۇنىڭغا بېرىپ:

— سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ تۇتۇپ تۇرۇڭ، بىر كىم باھاسىنى سورىسا ئىنساب بىلەن نېمە بەرسىڭىز شۇنى ئالىمەن

دەڭ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق سۆز قىلماڭ. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى قانداق بولسا شۇ بويىچە بولسۇن، — دەپتۇ ۋە ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا بىر ئاز تەلىم بېرىپتۇ. سىيىت باي يولغا چۈشۈپتۇ. بازارغا بارغۇچە نەچچە خىياللارنى قىلىپ سارايىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە رومالنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ئۆتكەن-كەچكەنلەر مازاقلاپ كۈلۈشۈپ: «ماۋۇ ساراڭنى قاراڭلار، ئىككى تۇخۇمنى سارايىنىڭ ئالدىغا ساتقىلى ئېلىپ كەلگىنىنى» دېيىشىپتۇ. سىيىت باي سارايىنىڭ ئالدىدا خېلى تۇرۇپتۇ. بۇ شەھەرگە يەنە باشقا بىر يۇرتتىن چوڭ كارۋان سودا قىلغىلى كەلگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سودىگەردىن بىرسى شۇ ۋاقىتتا سارايدا ئىكەن. ئۇ باي ماللىرىنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا چىقماقچى بولۇپ ساراي دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە بىر ئەر كىشىنىڭ ئىككى تۇخۇمنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ يېقىن كەپتۇ-دە، ئۇنىڭ تۇخۇم ئەمەس، بەلكى گۆھەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ سىيىتكە قاراپ:

— بۇرادەر، ئېيتىڭا، بۇ تۇخۇملىرىڭىزنىڭ باھاسى قانچە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىنساب بىلەن نېمە بەرسىڭىز شۇنى ئالىمەن، — دەپتۇ سىيىت باي. سودىگەر دەرھال ئۇنى ھوجرىغا باشلاپ كىرىپتۇ ۋە يەنە باھاسىنى سوراپتۇ. سىيىت باي باشتا نېمە دېگەن بولسا يەنە شۇنى تەكرارلاپتۇ. سودىگەر ھەممە پۇللىرىنى ئىككى ساندۇققا سېلىپ، سىيىت بايغا باش-ئاياغ ئىسىل سەرپايە كەيدۈرۈپ، بىر يورغا ئاتقا مىندۈرۈپ، ئىككى ساندۇقنى ئىككى قولىغا كۆتەرتىپ قوللارغا:

— بۈگۈندىن تارتىپ بۇ كىشى سىلەرنىڭ خوجايىنىڭلار بولىدۇ. مەن سىلەرنى بۇ كىشىگە

---

① مۇرغى ھەپتى ناتىقە — يەتتە تىللىق قۇش مەنىسىدە.

بەخشەندە قىلىۋەتتىم، — دەپتۇ ۋە سىيىت بايغا قاراپ:

— بۇرادەر، قولۇمدا بارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە بەردىم، رازى بولۇڭ، — دەپتۇ ۋە كۆڭلىدە «مۇبادا باشقا سودىگەرلەر بىلىپ قالسا سودىنى بۇزمىغىدى» دەپ قورقۇپ، بىر ئات، بىر قامچا بىلەن دەرھال يولغا چىقىپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ. سىيىت باي ئۇ پۇل ۋە دۇنيالارنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. مەلىكە ئۇ ساندۇقتىكى ھېسابسىز مال-دۇنيالارنى كۆرۈپ شۈكرانىسىغا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپتۇ ۋە قوللارغا تۇراي جاي كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. بۇ كېچە ئەنە شۇنداق ئۆتۈپتۇ. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن مەلىكە سىيىت بايغا بىر پارچە ئالتۇننى تۇتقۇزۇپتۇ ۋە :

— بازارغا بېرىپ تويغا جابدۇقلىرىنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ. سىيىت باي بازارغا بېرىپ مەلىكىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ قوللارغا كۆتەرتىپ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ كۈنى ئۆيلەرنى ناھايىتى چىرايلىق جابدۇپتۇ. يەنە بىر كۈنى سىيىت باينىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلىنىمۇ تازا ياساندۇرۇپتۇ. ئەمدى پەقەت مەلىكىنىڭ سىيىت باينىڭ نىكاھىغا ئۆتىشلا قالغان ئىكەن. بىر كۈنى مەلىكە سىيىت بايغا:

— ئەمدى توي قىلايلى، — دەپتۇ ۋە تويغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشنى تاپلاپتۇ. ئەتىسى مەھەللىگە ئاش تارتىپ، قوشنىلىرىغا سەرپايىلارنى ئىنئام قىلىپ توي ئۆتكۈزۈپتۇ. شەرىئەت ھۆكمى بويىچە مەلىكە سىيىت بايغا نىكاھ قىلىنىپتۇ. ھەممە كىشى مۇبارەكلەشكەندىن كېيىن نىكاھ قىلغان ئىمامنىڭ ئالدىغا باش-ئاياغ، سەرپايىلارنى قويۇپتۇ. مېھمانلار تارقاشقاندىن كېيىن سىيىت باي پۈتۈن كېچىنى مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۈنى خۇشال-خۇرام ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

سىيىت باي كۈندىن-كۈنگە سېخى بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ داستىخىنى داۋاملىق ئوچۇق تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە سېخىلىقى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. سىيىت باي ئۆز مەھەللىسىدىكى قولۇم-قوشنىلىرىغا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاپتۇ، ئاچ-يالىڭاچلارغا سېخىلىق قىلىپ دۇئاسىنى ئاپتۇ، نۇرغۇن يەر-زېمىنلارنى سېتىۋاپتۇ، خىزمەتكارلىرىنىڭ سانى ئوتتۇز-قىرىققا يېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن سىيىت باي كاتتا ئىمارەت ياساشنىڭ تاييارلىقىنى قىلىپ، لازىمەتلىكلەرنى تاييارلاپتۇ ۋە كونا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ تۈزلەپتۇ. ياغاچچى ۋە دىلكار ئۇستىلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ كېلىپ ناھايىتى كاتتا زىياپەت بېرىپ تون كەيدۈرۈپتۇ. مەلىكە دى لكار، ئۇستىلارغا مەكتۇپ تەييارلىغان ئىكەن. شۇ چاغدا سىيىت باي مەلىكىنىڭ مەكتۇبىنى يەتكۈزۈپتۇ. مەكتۇبتا: «بارلىق ئۇستامىلارغا مەندىن مەلۇم بولسۇنكى، تا مېنىڭ ئىمارىتىم پۈتۈپ ئىش تامام بولمىغىچە باشقا ئىش تۇتمىغايسىزلەر. مۇشۇ ئىمارەتكە قانداق نەرسە لازىم بولسا خەت ئارقىلىق ماڭا مەلۇم قىلغايسىزلەر. ئىمارەتنىڭ نۇسخىسىنى مەن ئۆزۈم سىزىپ بېرىمەن. ۋە ئۆلچەپ تاناپ تارتىپ بېرىمەن. مەن سىزغان نۇسخا بويىچە ئىشلىگەيسىزلەر» دەپ يېزىلغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ياغاچچى، دىلكار، نەققاش ئۇستىلار ئىش تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆز ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىشىپتۇ. ھەر كېچىسى مەلىكە ئىش ئورنىغا كېلىپ ئىمارەت نۇسخىسىنى سىزىپ ۋە ئۆلچەپ قويۇپ كېتىدىكەن. ئۇستىلار شۇ بويىچە ئىشلىشىدىكەن. ئۇستىلارنىڭ تارتقان جاپاسىغا لايىق ئالىي تاماقلار كېچە-كۈندۈز تەييار ئىكەن. ھەر قانداق ئادەم ئىمارەت قۇرۇلۇشىنى مۇبارەكلەپ پاتىھە ئوقۇغىلى كەلسە قۇرۇق

ياندۇرۇلمايدىكەن، ئاز ۋاقىت ئىچىدە قەسىر قۇرۇلۇپ بوپتۇ. خۇددى سەرۋى ئازات بىغى ۋە خەيرى ئابات قەسىرىنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ قويغاندەك، ئۇ باغ ۋە قەسىردىن قىلچە پەرقى يوق قىلىپ ياسالغان بۇ باغ ۋە قەسىرنى كۆرگەنلەر «بۇ خۇددى شاھ قەسىرىنىڭ ئۆزى بولۇپتۇ» دېيىشىپتۇ. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن مەلىكە ۋە سىيىت باي بارلىق ئۇستا ۋە مەدىكارلارنى دىگىنىدىن ئارتۇق ھەق بېرىپ رازى قىلىپ ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ. شۇندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە سىيىت بايغا:

— ئەمدى ئوغۇللارنىڭ خەتنە توينى قىلىشقا تەرەددۇت قىلايلى، — دەپتۇ.

مەلىكە دەرھال ھەممە خىزمەتچىلىرىگە توي جابدۇقىنى تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ. بىرنەچچە ئىش بېشىنى چاقىرىپ ھەر بىرىگە بىردىن ئىش تاپشۇرۇپتۇ. ئون جايغا قازان ئېسىلىپتۇ. مەلىكە سىيىت بايغا:

— ئەتە سەھەر تۇرۇپ پادىشاھ ئازادى مىھرىدىن پاتىھە ئېلىپ كېلىڭ، توينى باشلايلى، — دەپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا سىيىت باي مەلىكىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پادىشاھ ئۈچۈن تەييارلانغان سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ، ئېسىل تونلارنى كىيىپ، بىر ياخشى ئاتقا مىنىپ، كۆمۈش كەمەرنى تاقاپ، پادىشاھنى تويغا تەكلىپ قىلىش ۋە پاتىھە ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. مەلىكە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ سىيىت بايغا بەرگەن ئىكەن ۋە سىيىت بايغا: «پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ مەكتۇپنى پادىشاھقا تۇتۇڭ. مۇشۇ خەتنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىڭ ۋە پادىشاھ مۆھرىنى بېسىپ بەرسە ئېلىپ كېلىڭ» دەپ تاپىلاپ قويغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ سىيىت باي شەھەرگە مېڭىپتۇ. سىيىت باينىڭ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى گۇزەرلەردە توپلۇشۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ ۋە دۇئالارنى قىلىشىپتۇ. سىيىت باي پادىشاھقا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن توققۇز قۇلغا ھەر بىرىگە لىق تىللا ۋە گۆھەرلەر قاچىلانغان توققۇز لىگەننى كۆتەرتىپ، ئارقىسىدىن يەنە توققۇز قۇلغا ئېسىل رەختلەردىن تىكىلگەن توققۇز بوغجىما تون كۆتەرتىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە توققۇز قۇلغا ئىگەر-جابدۇقلىرى تىللا ۋە كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن توققۇز ئاتنى يېتىلىتىپ، ناھايىتى زور داغدۇغا بىلەن ماڭغان ئىكەن. ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىرنەچچە ۋەزىرلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقارتىپتۇ. دۇئادىن كېيىن سىيىت باي ھەممە ھەدىيەلىرىنى پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ چاققىچە ھېچكىم پادىشاھقا ئۇنداق ئالىي ھەدىيەلەرنى ئەپكەلگەن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، بۇ ھەدىيەلەر ھەممىلەنگە ياراپ كېتىپتۇ. ئۇندىن كېيىن سىيىت باي مەلىكە بەرگەن مەكتۇپنى پادىشاھقا تۇتۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنى مىرزا بېگىگە بېرىپتۇ. مەكتۇپ سىيىت باي نامىدىن مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: «ئى ئالىي ھىممەتلىك شاھىمىز، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، بەختى-ئىقبال ۋە دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن. سوغرە يېتىپ مەلۇم بولغايكى، كەمىنەنىڭ تويىغا پاتىھە ۋە ئىجازەتنامە بەرگەيلا. تاكى قىرىق كۈنگىچە پۈتۈن يۇرت ئەھلى ئەتىگەندىن كەچكىچە روزىغارىغا دەركارلىق ھەممە نەرسىنى سىيىت باينىڭ دۆلەت خانىسىدىن ئالغاي. ئەگەر ھەرنىچۈك ئادەمنىڭ ئۆيىدىن تۈتۈن چىقسا،

ئول كىشى پادىشاھ ئالدىدا گۇناھكار بولغاي. ئەگەر بىمارلار بولسا، بىمارلار ئۈچۈن خاس ئاشخانا تەييار دۇر » .

پادىشاھ ئازادى مىھرى شۇ ھامان سىپاھىلىرىغا: « پۈتۈن شەھەرگە جاكا قىلىڭلار، قىرىق كۈنگىچە ھېچقانداق ئادەم ئوزۇق ئۈچۈن تۇتۇن چىقارمىسۇن. سىيىت باينىڭ تويى تۈگىگىچە خاھى پىششىق، خاھى خام ھەممە لازىمەتلىكلەرنى سىيىت بايدىن ئالسۇن! » دەپ بۇيرۇپتۇ. جارچىلار بۇ پەرماننى پۈتۈن شەھەرگە جاكارلىشىپتۇ. ئۇندىن كېيىن پادىشاھ سىيىت بايغا ئېسىل سەرپايىلەرنى كەيدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا شاھانە سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇندىن كېيىن سىيىت باي ئۆز قەسرىگە قايتىپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش باشلىرى ئۆز ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشۇپتۇ. تا قىرىق كۈنلۈك توي تۈگىمىگىچە ھېچكىم باشقا جايدىن تائام يىمەپتۇ. قىرىق كۈنلۈك توي تامام بولغان كۈنى ئۇلار شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسىگە چالا قالدۇرماي سوۋغاتلار ئىنئام قىپتۇ. توي تامام بولغان كۈنى مەلىكە سىيىت باينى خالى جايغا تارتىپ تۇرۇپ:

— بۇگۈن يەنە بىرىپ پادىشاھنى تەكلىپ قىلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. سىيىت باي يەنە ئالاھىدە ھەدىيەلەرنى ئېلىپ پادىشاھ بارگاھىغا بېرىپتۇ ۋە شاھ كۆرسەتكەن ئورۇندا ئولتۇرۇپ دۇئا ۋە سالامدىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھىم، ئەتە سەھەردە تامام ئەسكەر ۋە سەرۋازلىرى بىلەن پىقىر دۇئا-گۇيلىرىنىڭ كۈزىگە قەدەم قويۇپ، خانىسىگە ئىلتىپات قىلسىلا، ئات باقارلارمۇ قىپقالمىسا. ئۈچ كۈنگىچە كەمىنلىرى خىزمەتلىرىدە بولسام.

شۇندىن كېيىن مەلىكە ئىش باشلىرىغا پادىشاھنى مېھمان قىلىشقا كېتەرلىك نەرسىلەرنى لازىمدىن ئارتۇقراق تەييارلاشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئىش باشلىرى بۇيرۇق بويىچە شۇ كۈنى ھەممە لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلىشىپتۇ. بۇ كېچە ئۆتۈپ ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرى قاتار-قاتار، سەپ-سەپ بولۇپ، ھەربىر سەپ بىر يولدىن مېڭىپ سىيىت باينىڭ قەسرىگە كېلىشىپتۇ. ئىش باشلىرى ھەربىر كىشىنى ئۆز ئەملىگە لايىق كۈتۈۋېلىپ چۈشكۈن ئۈچۈن تەييارلانغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. كۈن كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە پادىشاھ ئازادى مىھرىمۇ يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇنى بىر ئالىي قەسرگە ئولتۇرغۇزۇپ تا ئۈچ كۈنگىچە شۇنداق زىياپەت قىلىپتۇكى، دوستلار مەدھىيە، دۈشمەنلەر ئاپىرىن ئوقۇشۇپ كېتىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ھەممە سىپاھىلارغا توققۇزدىن تون ۋە پۇل ھەدىيە قىلىپ، ئەمىرلەر ۋە سىپاھ بەگلەرگە ئىگەر-جابدۇقلۇق ئات، ھەتتا قامچىغىچە بولغان نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ قايتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ خاس كىشىلىرى بىلەنلا قاپتۇ.

يەنە ئاۋۋالقىدىنمۇ ئالىي زىياپەتلەر باشلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنداق ئولتۇرۇپ يېرىم كېچە بولغاندا، مەلىكىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىيىت باي پادىشاھنىڭ قولىدىن تۇتۇپ: « ئىچكىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلسىلا » دەپ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشاھ قارىسا، خۇددى ئۆزىنىڭ سەرۋى ئازات بېغىنى كۆچۈرۈپ مۇشۇ جايغا ئەكىلىپ قويغاندەك، ھېچبىر كەم يېرى يوق بىر باغ ئىكەن. سىيىت باي پادىشاھنى يەنە بىر ئالىي قەسرگە باشلاپ كىرىپتۇ ۋە تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا باشلاپتۇ. شۇئان چىرايلىق كىيىنگەن قىزلار جۈپ-جۈپتىن بولۇپ نەغمىگە

تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قارىسا بۇ قەسىر ئۆزى ياساتقان خەيرى ئابات قەسىرىنىڭ بەئەينى ئۆزى بولۇپ، پەقەت بىرلا كەم يېرى، ئۇنىڭ ئىچىدە مەلىكە زىبا چېھرى يوق ئىكەن. بۇنى ئويلاپ پادىشاھنىڭ بىر ئاز يۈرىكى ئېچىشىپ قاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ ئىككى كىنىزەك ئالاھىدە تىكىلگەن ئىككى بوقچا كىيىمنى كۆتەرگەن پېتى كىرىپ شاھقا سالام بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا مەلىكە زىبا چېھرى خۇددى ئۆتكەن قېتىمقى كىيىملىرىدەك ئىسىل كىيىملەرنى كەيگەن ھالدا كىرىپ كەپتۇ-دە، ئىززەت-ئىكرام بىلەن پادىشاھقا ئۈچ قېتىم تەزىم بىلەن سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ مەلىكە زىبا چېھرى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ.

— قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي پادىشاھ! مانا بىر پۇللۇقى يوق سىيىت ھېزىمكەشنى كۆردىلىمۇ؟ بۇ قەدىمىنىڭ بەرىكىتىدىن شاھلىق تاجىغا لايىق ئادەم بولۇپ قالدى، — دەپتۇ مەلىكە ۋە ئىككى بوقچا سەرپانى ئۆز قولى بىلەن شاھقا ھەدىيە قىلىپ دەرھال ئۆزىنى پىنھانغا ئاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ كېتىپ، بېرىپلا ئاغرىپ يېتىپ قالغانچە بىر ھەپتىگىچە ھېچكىمگە كۆرۈنمەپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن تويمۇ تامام بولۇپتۇ. پادىشاھ يەنە ئۆز تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە ھەممەيلەننى چاقىرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— سىلەرگە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، مەن ھەجگە بېرىشقا ئىرادە ۋە نىيەت باغلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ ئورنۇمغا قابىل كىشىدىن بىرنى پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزۇڭلار.

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پادىشاھقا شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا پادىشاھىم، ئۆزلىرى رازى بولۇپ بىراۋنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قويۇپ قويسila.

شۇنىڭ بىلەن بىرسى بىرىنى كۆرسىتىپتۇ، يەنە بىرسى يەنە بىرىنى كۆرسىتىپتۇ. ئاخىرى ھەممىسىنىڭ رايى «سىيىت باينى پادىشاھ قىلساق» دېگەن يەرگە كەپتۇ. بۇ سۆز پادىشاھقىمۇ ماقۇل كەپتۇ ۋە ھەممەيلەننىڭ پىكرى بىر توختامغا كەپتۇ. پادىشاھ ھەممەيلەندىن رازىلىق ئېلىپ، بىرنەچچە خادىملىرى بىلەن شۇ كۈنىلا ھەج يولىغا چۈشۈپتۇ. ئوردا بولسا خالى قاپتۇ. يۇرت خەلقى بىر ئاق تۆگىنى ياساپ، ھەممەيلەن پىيادە مېڭىپ سىيىت باينىڭ قەسىرىگە كېلىشىپتۇ ۋە بۇ سۆزنى سىيىت بايغا ئەرز قىپتۇ. سىيىت باي مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ خالايىقنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئېيتقان ئىكەن، مەلىكە:

— ئەگەر بۇ خەلقنىڭ ئارزۇسى بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىچە بولسۇن، — دەپتۇ ۋە ئەڭ ئاۋۋال ئېرىنى مۇبارەكلەپتۇ. خالايىقلار سىيىت باينىڭ بېشىغا شاھانە تاجنى كەيدۈرۈپ، ئاق تۆگىگە مىندۈرۈپ مۇبارەكلەپتۇ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. سىيىت شاھ خەزىنىلەرنى ئېچىپ خەلققە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىپتۇ. ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى يەنە ئاۋۋالقى ئەمەلىگە قويۇپتۇ ۋە كۆپ زامانلار ئەنە شۇنداق خۇشال-خۇراملىق بىلەن ھايات كەچۈرۈپتۇ.

توپلىغۇچى: نىمتۇللا ئەبەيدۇللا

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش

راھىلە داۋۇت

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلدى ۋە بۇ جەرياندا رەڭدارلىق، كۆپ خىللىق، ئاممىباپلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي گۈزەللىك ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈردى.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش نوقۇل خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەزكۇر ماقالىدا نۆۋەتلىك ھالدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللار ئۈستىدە توختىلىمەن.

1. ھېسسىيات—ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ جېنى. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى يۈكسەك چىنلىققا ئىگە. بۇ يەردە ئېيتىلغان چىنلىق ھېسسىياتنىڭ چىنلىقىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي ئېقىنى بولۇپ، ئۇنىڭدا شادلىق، قايغۇ-ھەسرەت، مۇھەببەت-نەپرەت، كۆيۈنۈش، پۇشايمان، تەشنالىق، ھېسداشلىق، چوقۇنۇش، ئاغرىنىشقا ئوخشاش نازۇك ھېسسىياتلارمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. خەلق قوشاقلىرىدا مۇرەككەپ، مۇجمەل، زىددىيەتلىك ھېسسىياتلارمۇ ھېس قىلغىلى، كۆرگىلى بولىدىغان دەرىجىدە جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەچكە ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنىشقا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ھېسسىيات مەجبۇرى سىڭدۈرۈلگەن ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي ئېقىنىدىن پەيدا بولغان، يەنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، ئۆز قەلبىدىكىنى ئېيتمىسا كۆڭلى تىنمايدىغان ھالەتتە بىۋاسىتە، دەل ۋاقتىدا ئىزھار قىلىنغان ھېسسىيات ھەرىكىتىدۇر.

ئاق بەلباغمۇ توقۇيمەن،
كۆك بەلباغمۇ توقۇيمەن.
مەن غېرىبنىڭ دەردى بار،
شۇڭا غەزەل ئوقۇيمەن.

دېمەك، خەلق قوشاق (غەزەل)نى ئۆز دەرد-ھەسرىتىنى، شادلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ. شۇڭا، خەلق قوشاقلىرىدىكى ھېسسىيات تەبىئىي، چوڭقۇر، كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھېسسىيات جەھەتتىكى بۇنداق چوڭقۇرلۇق، تەبىئىيلىك خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۈلگىلىرى خاتىرىلەنگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قوشاقلاردىمۇ ئىپادىلەنگەن.

قىقىراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان، نەيزە ئورايلى.
قايناپ يەنە يۇمشايلى،
قاتتىق يىغا بوشىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ قوشاقتا خەلق ئۆزىنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، بۇ قايغۇلۇق كەيپىياتنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەت — ئاتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇش، قالقان، نەيزىنى غەزەپلىك ئۇرۇش قاتارلىقلارنى كىتابخانىلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن قىلغان، ئاندىن بۇ ھەرىكەتكە سەۋەب خۇلاسە تەرىقىسىدە «قاتتىق يىغا بوشسۇن» دېگەن ھېسسىيات تەسۋىرىنى ئۇلىغان. بۇ ئىككى تەركىپنىڭ نازۇك، دىيالىكتىك بىرلىكى يۈرەكنى تىترەتكىدەك زىل، نەپىس، تەسىرلىك بولۇپ، كىتابخانىلارنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ جىلۋىدار، ھېسسىياتلىق مەنزىرىنى نامايەن قىلغان. شۇنداقلا قوشاقتىكى ھەر بىر مىسرا كۈچلۈك ھېسسىيات توقۇنۇشىنى ئىپادە قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مۇقام، مەشرەپلىرىنى ئالايلۇق: قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئىلى، دولان مەشرەپلىرىنى كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇرغۇپ دولقۇنلاپ تۇرغان قوشاقلار دېگىزى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەرلىك مۇقام، مەشرەپلەرنى ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلار بىلەن تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرغاچقا بۈگۈنگىچە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملىشىپ تارقىلىپ كېلەلىگەن. ئەمما، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك دېيەرلىك ئەمەس، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق شائىرلىرىنى ئۆزىگە ئاساسىي مەنبە قىلغان بولۇپ، ئەرەب، پارس سۆزلۈكلىرى بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلغان. خەلق ئۆزلىرى ئاڭلىيالايدىغان تىل بىلەن ئۆز مۇقامىنى ئاڭلاشقا، ئېيتىشقا، زوقلىنىشقا مۇھتاج، يەنى ئۇلار مۇقامنى ئۆز ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئېيتىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھەرنىڭ كەڭ ئومۇملىشىپ كېتەلمەسلىكىدىكى مۇھىم سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلاردا ھېسسىيات جەھەتتە دىلكەشلىكنى ھاسىل قىلالىشىدىكى تۈپ سەۋەبمۇ ئۇنىڭدا ساپ، چىن ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىدىندۇر. چىن ھېسسىيات سانسىز ئېسىل قوشاقلارنىڭ ھاياتىي كۈچكە، گۈزەللىككە ئىگە بولۇپ تۇرالىشىنىڭ مەنبەسى.

2. كۈچلۈك رىتىمدارلىق ۋە ئاھاڭدارلىق

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي گۈزەللىككە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ رىتىمدارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنى ھەم ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا، ھەم دېكلاماتسىيە قىلىشقا بولىدۇ. قوشاقلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇ پەيدا بولغان قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

گروسې ئاۋستىرالىيەدىكى ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇل، ناخشا، مۇزىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: «رىتىم — ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە ھېسسىياتى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرىدا ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ رىتىمغا چۈشۈشىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ... خۇددى سپېنسېر ئېيتقاندەك، بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ھەر بىر خىل ھېسسىيات ئادەم تېنىنىڭ رىتىملىق ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.①»

ئىپتىدائىي ئىنسانلار رىتىمغا ئىنتايىن تۇيغۇن بولۇپ، رىتىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئۇلار قايغۇسى ۋە خۇشاللىقىنى ئۆز تېنىنىڭ رىتىملىق ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگۈچى قوشاق تېكىستىنى بولسا، شۇ رىتىمغا سېلىپ قايتا-قايتا تەكرار ئېيتقان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش

پائالىيىتى ئۇلاردا رىتىم، ۋە ئاھاڭغا بولغان ئالاھىدە سەزگۈنى يېتىلدۈرگەن. بۇ خىل سەزگۈنىڭ يېتىلىشىدە ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى تەبىئىي رىتىم، يەنى ئاي بىلەن كۈن، يۇلتۇزلارنىڭ قەرەللىك ھەرىكىتى، كۈن بىلەن تۈنىنىڭ ئالمىشىشى، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى، شۇنداقلا ئەمگەك جەريانىدىكى رىتىملىق ھەرىكەتلەر، مەسىلەن، بۇغداي سوقۇش، پالاق ئۇرۇش، كېمە تارتىش، ياغاچ توشۇش، چاق ئېگىرىش قاتارلىقلار تاشقى ئامىل سۈپىتىدە تەسىر كۆرسەتسە، ئادەم تېنىدىكى يۈرەكنىڭ سوقۇشى، قان ئالمىشىش، نەپەسلىنىش قاتارلىق فىزىئولوگىيەلىك رىتىملىق ھەرىكەتلەر ئىچكى سەۋەب سۈپىتىدە رول ئوينىغان. گەرچە ئادەم تېنىدىكى رىتىملارنى ئاسان كۆرگىلى ۋە بايقىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكىتىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەم تېنىدىكى رىتىم ئاساسىدا كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرىكەتكە ماسلاشقان ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ناخشا مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن.

پىلىخانوۋ بۇ توغرىلىق توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ خىل رىتىمغا بولغان سەزگۈرلۈك ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيەلىك تەرەپتىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ئىپتىدائىي قەۋملەردە ھەر بىر خىل ئەمگەكنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشىسى بولىدۇ. ناخشىنىڭ ئاھاڭى شۇ خىل ئەمگەكنىڭ رىتىمىغا ئىنتايىن ماسلاشقان بولىدۇ... سەنئەت مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بارلىققا كەلگەن.» غەربتە ئەڭ بۇرۇن قوشاق توپلاش بىلەن شۇغۇللانغان ئالىم خېردېرمۇ «ناخشا (قوشاق)لارنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ سۆزىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇزىكىسىدا (ئاھاڭىدا)، شۇنداقلا ئۇسسۇل تەركىۋىنىڭ بولغانلىقىدا» دېگەن ئىدى.

يۇقۇرقىلاردىن رىتىمنىڭ خەلق قوشاقلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋاستىلىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىپتىدائىي دەۋرلەردە قوشاق، ئۇسسۇل، مۇزىكا بىر-بىرىدىن ئاجرالماس بىر گەۋدە بولغان. كېيىنچە ئۇلار بارا-بارا تەرەققىي قىلىپ، بىر-بىرىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ، سەنئەتنىڭ مۇستەقىل تۈرلىرى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مۇزىكا، ئۇسسۇل بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتىنى ئۆزىدە ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق سەنئەملىرى ساپ، يارقىن بېيىت-قوشاقلار بىلەن، نەپىس، يېنىك، شوخ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ھەمدە لەرزان، جۇشقۇن، تەسىرلىك ئاھاڭلارنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق مۇقام، مەشرەپلىرىمۇ ناخشا (قوشاق+ئاھاڭ) بىلەن ئۇسسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەتتۇر.

قوشاقلارنىڭ ئاپتورلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئەمگەك رىتىمىغا ماسلاشقان ئەمگەك قوشاقلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ خىل سەنئەت رىتىمى تۇرمۇشتىكى ئەمگەك رىتىمى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولغاچقا قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە. مەسىلەن، «خامان ناخشىسى»، «چاق ئېگىرىش ناخشىسى»، «ئەللەيي ناخشىسى»، «هارۋىكەش ناخشىسى»، «سالچىلار ناخشىسى» ۋە ھەر خىل ھۈنەر-كەسىپكە ئائىت ناخشىلار. بۇ ناخشىلارنىڭ رىتىمى شۇ خىل ئەمگەكنىڭ رىتىمىغا ماسلاشقان. قوشاق تېكىستى خەلقنىڭ

ھەر خىل ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەن بولغاچقا، ھارغىنلىقنى چىقىرىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، روھنى ئۇرغۇتۇش رولىنى ئوينىغان.

قادىر ئاللا (ۋاي) تەقدىر ئاللا (ئەي....)
تاغنى ياراتتى (يەي...)
تاغ ئىچىنى (ۋاي) قاراڭغۇ دەپ (يەي...)
كۈننى ياراتتى (يەي...)
(ھەي...) (لاي- لاي- لاي)

بۇ «خامان ناخشىسى» دا ئەمگەك ھالىتى ۋە ئەمگەك رىتىمىغا ماس كېلىدىغان ھەر خىل ئاۋۇشلار بىرلىشىپ كۈچلۈك رىتىم ۋە ئاھاڭ ھاسىل قىلغان. بۇ «خامان ناخشىسى» نىڭ ئەسلى تېكىستى بىر كوبلېت خەلق قوشىقى بولۇپ، رىتىم ئېھتىياجىغا ئاساسەن «ۋاي»، «يەي»، «ھەي»، «لاي-لاي» غا ئوخشاش ئاۋۇشلار قوشۇلغان.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى كۈچلۈك رىتىمدارلىق ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ھەر قانداق بىر خەلق قوشىقىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاھاڭلىرىمۇ كۆپ خىللىقتا ۋە خېلى مۇرەككەپلىككە ئىگە. بۇ، خەلق قوشاقلىرى بىلەن مۇزىكا، ئۇسسۇلنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بىر-بىرىدىن ئاجرالماي، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ تەڭ تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ رىتىمغا، ئاھاڭغا چۈشىشىنى ئۇنىڭ قۇرۇلما تۈزۈلۈشى بەلگىلىگەن. تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ رىتىمىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللاردۇر.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بەلگىلىك ساندىكى بوغۇملار بەلگىلىك تۇراقلارنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تۇراقلار مەلۇم ۋەزىنلىك مىسرالارنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بەش بوغۇمدىن 16 بوغۇمغىچە بولىدۇ. بوغۇم سانى ئوخشاش بولمىغان قوشاقلارنىڭ رىتىمىمۇ ئوخشىمايدۇ. بوغۇم سانى ئوخشاش بولسىمۇ تۇراقلارغا بۆلۈنۈشى ئوخشاش بولمىسا رىتىمىمۇ پەرقلىنىدۇ.

قوشاق شەكلىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولغان قاپىيە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى شەكىللەردە كېلىدۇ: جۈپ قاپىيە (AABB)، ئارا قاپىيە (ABAA)، ئالماش قاپىيە (BABA)، ئۇدا قاپىيە (AAAA)، ئۈچ قاپىيە (ABAA) ۋە (BBBA) قاپىيە شەكلى.

يۇقىرىقى قاپىيە شەكىللىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى كۈچلۈك رىتىمدارلىق، ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە شەكىللىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. يۇقىرىقى قاپىيە شەكىللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلاردا ئۇچرىتالايمىز.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىقىقا ئېلىنغان تېلې قوشىقى ئۆز گۈزەللىكى بىلەن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە:

敕勒川，阴山下，
天似穹，笼盖四野。
天苍苍，野茫茫，
风吹草低见牛羊。

بۇ قوشاقنىڭ قاپىيىسى BBAA شەكلىدە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ جۈپ قاپىيە شەكلى بىلەن ئوخشاش، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى قوشاقلىرىدا بۇنداق قاپىيە شەكلى ئۇچرىمايدۇ. تېلې قوشىقى تەرجىمە قىلىنغاندا، ئۆز قاپىيە شەكلىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. تېلې قوشىقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە شەكلىنىڭ تارىخىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرىدۇ.

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىگە جايلاشقان يۇغۇرلارنىڭ خەلق قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە شەكلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلارنىڭ قاپىيە شەكلىگە ئىنتايىن ئوخشايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم يۇغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى ئۇيغۇرلاردۇر. يۇغۇرلارنىڭ تۆۋەندىكى «يۇغۇر قىزى مەن» دېگەن خەلق ناخشىسىنىڭ قاپىيە شەكلىنى كۆرەيلى:

Yogur gezbar men yerey
yogur gezga yer barey
yibe yormine men yorgey
sharhrt gane men bahrtgak
AlaClzaikte men manggak
Ala shungerne men manggak
Marjan sugne men manggak
Ala chamyhane men gezgek

يوغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئىككىلىك شەكلمۇ كۆپ بولۇپ، بۇغۇم سانى كۆپىنچە 11-12 گىچە بولىدۇ. مەسىلەن:

Guk berek chalgan oyneng sholnerey
Guk berek bahzhenba tutugus tusaisher
Guk junken ahberba akgoy tusgesher.
Guk junken ahberba akgoy tuagesher
Dali kuz chalalgan yneng sholnerey

يۇقىرىقى خەلق قوشىقى ئارا قاپىيە شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر كۇبلېتى باش قاپىيەدە كۆپ كېلىش يۇغۇر قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. بۇ يۇغۇر خەلق قوشاقلىرىنى كۈچلۈك رىتىمدارلىققا ئىگە قىلغان بولۇپ، ناخشا قىلىپ ئېيتماي، دېكلاماتسىيە قىلغاندىمۇ ئۇنىڭ ئاھاڭىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى يۇغۇر خەلق قوشىقىنىڭ ئىككىلىك شەكلىنىڭ قاپىيە شەكلى ۋە بوغۇم سانى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىككىلىك شەكلىدە كەلگەن قوشاقلار بىلەن ئوخشاشتۇر. ئالايلۇق:

ئەرەن ئالپى ئوقشىتىلار،
قىرجىر كۆزىن باقشىتىلار.
قامۇغ تولمۇن توقۇشتىسلار،
قىلىچ قىنقا كۆچىن سىغدى.①
ئەمگەك سىزىن تۇرغۇ يوق مۇندا تامۇ،
ئەزگۈلۈكۈگ كۆرمەزىپ ئاژۇن چىقار①.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلار ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىمۇ يۇغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاش باش قاپىيەگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

قارا-قارا قاشلارىڭغا ياتساڭچۇمېنى،
قارا قاشىنىڭ بازىرىدا ساتساڭچۇ مېنى.
قارا قاشىنىڭ بازىرىغا يارىمسام مەن،
كىرپىكىڭنى يىڭنە قىلىپ ئاتساڭچۇ مېنى.

مەن 1989-يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۇغۇرلار رايونىدا فولكلور تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، يەرلىك يۇغۇرلار ماڭا بىزدىن بۇرۇن بۇ يەرگە ۋېنگرىيەلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ كېلىپ يۇغۇرلارنىڭ ناخشا، مۇزىكىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە يۇغۇر خەلق ئاھاڭلىرى بىلەن ۋېنگىر خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ئوخشۇشۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ۋېنگىر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزدەندىم ۋە ۋېگىر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە شەكلىنىڭ يۇغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ھەقىقەتەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. «ۋېنگىرىيە خەلق مۇزىكىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ «ۋېنگرىيە خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچى» دېگەن بابىدا 54 كۇبلېت ۋېنگرىيە خەلق قوشىقى بېرىلگەن. بۇلار ئىچىدە تۆتلىك شەكلىدە تۈزۈلگەن 26 كۇبلېت قوشاق جۈپ قاپىيە شەكلىدە كەلگەن. مەسىلەن:

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى، 1-توم، 466-بەت.

قاپىيە شەكلىدە كەلگەن. مەسىلەن:

Dubaszo hallatszik Akertek aljaba
Juhaszlegeny fujja Szivefajbaloaba.

بۇ قوشاقلار ئىچىدە ئۇدا قاپىيە، ئالماش قاپىيە ۋە BAAA قاپىيە شەكىللىرىمۇ بار بولۇپ، شەكلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلار ۋە ئۇيغۇر قوشاقلىرىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

Hej Merke tvagy marharom
Hogy a Szamabomat Varom
Amoba gyun amint latom
Feoskehasu Szamar harton

ۋېنگىر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ۋە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىشى تاسادىپىلىق بولماستىن مەلۇم تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. مىلادى 374-يىلى هونلار شىمالىي قۇملۇقتىن غەرپكە كۆچۈپ شەرقىي ياۋروپاغا بېرىپ هون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ شەرقىي ياۋرۇپاغا ئېلىپ بارغان. كېيىنچە هونلار شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان.

يۇقىرىقىلاردىن بىز ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە شەكلىنىڭ قەدىملىكىنى ۋە بۇ خىل قەدىمىي بولغان قاپىيە شەكىللىرىگە خەلق تەرىپىدىن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل كۆپ ۋە هەر خىل قاپىيە شەكىللىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى كۈچلۈك رىتىمدارلىق ۋە ئاهاڭدارلىققا ئىگە قىلغان.

تەكرارلىنىشمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى رىتىمدارلىققا ئىگە قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى تەكرارلىنىش يەككە سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى، سۆز-جۈملىلەرنىڭ تەكرارلىنىشى، كۇبلېتلارنىڭ تەكرارلىنىشى، دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قوشاقلاردىكى تەكرارلىنىش قوشاقلارنى، بىر تەرەپتىن، كۈچلۈك رىتىمدارلىققا ئىگە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، هېسسىيات چوڭقۇرلۇقىنى يارقىن ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان قوشاق ئۇسسۇل، مۇزىكا بىر گەۋدە بولغان ئىپتىدائىي شەكلى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانلار تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەن. تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم خەلق مۇزىكا، ئۇسسۇللىرى خەلق قوشاقلىرىدىن ئاجرىلىپ مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى يەنىلا خەلق قوشاقلىرى بىلەن بىرگە مەۋجۇد بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ، مول ۋە رەڭگا-رەڭ شەكىللەرگە ئىگە بولغان. قوشاق، ئۇسسۇل، مۇزىكا بىرلىشىپ كەتكەن سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىدا مۇهىم ئورۇن ئىگىلىگەن. قوشاقلارنىڭ تېكستى مۇزىكا بىلەنلا بىرلىشىپ كەتكەن بولماستىن ئۇسسۇل بىلەنمۇ زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مۇزىكا، ئۇسسۇلنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە كۈچلۈك كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. خەلق قوشاقلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى قاپىيە، تەكرالاش... قا ئوخشاش بەزى ئالاهىدىلىكلەر مۇزىكا ئاهاڭى ۋە ئۇسسۇل رىتىمىنىڭ ئېهتىياجى ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن. بەزى قوشاق تېكىستلىرىنى ئۇنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇلىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، شېئىر ئىجادىيىتى تەلىپى بويىچە كۆزەتسەك، ئۇنىڭ ناهايىتى ئاددىيلىقىنى سېزىمىز. ئەمما بۇ قوشاق ئۇسسۇل ۋە كۈچلۈك رىتىمدارلىققا ئىگە بولغان مۇزىكا بىلەن بىرلەشكەندە، ئۇ بىزگە پۈتۈنلەي باشقىچە تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. بۇنداق قوشاقلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ساقلىنىپ قېلىنالىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن مەناسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ گۈزەل بەدىئىي شەكلىگە (كۈچلۈك

رىتىمدارلىقتا) ئىگە بولغانلىقىندۇر. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گۈزەللىكى ئەنە شۇ رىتىملار ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ۋە گەۋدىلىنىدۇ.

بىز ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا يالغۇز قوشاق تېكىستىنىلا تەتقىق قىلماي، ئۇنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ھالىتى بويىچە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خەلق قوشاقلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرى ئالالايمىز. بۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇلدۇر.

3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى گۈزەل بەدىئىي ۋاستىلەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرگۈچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

ھېسسىيات ئادەم قەلبىگە يوشۇرۇنغان، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان مەۋھۇم نەرسە. خەلق قوشاقلىرى بولسا، ئىچكى ھېسسىياتنىڭ پارتىلىشى بولۇپ، ئۇ ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەم قەلبىدىكى ھېسسىيات ئۆزىنى دەل جايىدا، توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تاشقى شەكىلگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن كىشىلەر قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلاردا ھېسسىيات دېلگەشلىكىنى ھاسىل قىلالايدۇ. شۇڭا، كىشى قەلبىگە يوشۇرۇنغان ئىچكى ھېسسىياتنى تاشقى شەكىلگە ئىگە بولغان ئېستېتىك ئوبيېكتقا ئايلاندۇرۇش زۆرۈر. بۇ خىل ئابستراكت ھېسسىياتنى كونكرېتلىققا ئايلاندۇرۇشتا ۋاستىچىلىق رول ئوينىغۇچى نەرسە — ئوبرازدۇر. ھېسسىيات—ئوبراز ئارقىلىقلا روشەنلىشىدۇ، كونكرېتلىشىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئۆزىنىڭ قىسقا، ئىخچام ھەجىمگە تايىنىپ ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن ئوبرازلارنى ياراتقان.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ژانىر شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئوبراز يارىتىشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلاردىن پايدىلانغان. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىغا باي بولۇپ، ھەر خىل گۈزەل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى قوشاقلارنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق قوشاقلارنى بەدىئىي گۈزەللىككە ئىگە قىلغان. تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

1) بىۋاستە ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

بىۋاستە ئىپادىلەش ئۇسۇلى دېگىنىمىز —ئاددىي تىل ئارقىلىق ھېسسىياتنى بىۋاستە بايان قىلىپ، روشەن، جانلىق ئوبراز يارىتىشتىن ئىبارەت ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنداق قوشاقلاردا ئاپتور ئۆزى بىۋاستە مەيدانغا چىقىپ ئۆز ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىزھار قىلىدۇ. ھېسسىياتنى بىۋاستە ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغان خەلق قوشاقلىرىدا شېئىرلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاددىي تىل بىلەن كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن، ھەر بىر قوشاق جانلىق، ئېنىق كۆرۈنۈشلەردىن تەشكىل تاپقان. بۇ كۆرۈنۈشلەر قوشاق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇپ، ھېسسىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى «ھازا قوشىقى» نى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

تۈن كېچىسى ئۇخلىماي، ئانام، ئانام، ئانام،
غېمىمىزنى يەمەپمىدىڭ ئانام، ئانام، ئانام.
ئەللەي ئېتىپ بۆشۈكتە، ئانام، ئانام، ئانام،
ئاق سۈت بېرىپ باقماپمىدىڭ، ئانام، ئانام، ئانام.

ئەمدى بەخت تاپقاندا ئانام، ئانام، ئانام،
ئىزلىدىم، تاپالمىدىم، ئانام، ئانام، ئانام.
زۇلمەت كۆنلەر ئىچىدە ئانام، ئانام، ئانام،

مۇنداق كۈنتى ئەسلىدىم ئانام، ئانام، ئانام.
ئانام بۈگۈن ئاغرىدى، ئانام، ئانام، ئانام،
تولغىنىپ بولالمىدى ئانام، ئانام، ئانام.
مادارىنىڭ يوقىدىن ئانام، ئانام، ئانام،
يۈرەك سۆزىنى ئېيتالمىدى، ئانام، ئانام ئانام.

تۈن كېچىگە بارغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
زادىلا بولالمىدى ئانام، ئانام، ئانام.
كېسەللىك ئازابىدا ئانام، ئانام، ئانام،
بىزگە قاراپ تويمىدى ئانام، ئانام، ئانام.

ئانام سەكراتقا چۈشكەندە ئانام، ئانام، ئانام،
خورەك تارتتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
كۆزلىرى يۇمۇلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.

ئېڭىكى تېڭىلغاندا ئانام، ئانام، ئانام،
رومال ئارتتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
پۇتلىرى چېتىلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
ئارام ئالدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
غۇسلى سۇيى قۇيغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
كېپەن تون كىيىلگەندە، ئانام، ئانام، ئانام.
كۆينەك كىيدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.

جىنازىغا سالغاندا ئانام، ئانام، ئانام،
مەپىگە چۈشتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
خەلقى ئالەم ئالدىدا، ئانام، ئانام، ئانام.
تويى بولدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.

ئىخلاس توپىسى سەپكەندە، ئانام، ئانام، ئانام.
قۇرغۇن سەپتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام،
يەتتە خىشنى قويغاندا ئانام، ئانام، ئانام.
ئوچاق سالدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.

يېتىپ باردۇق مازارغا، ئانام، ئانام، ئانام،
كىرىپ كەتتى سارايغا ئانام، ئانام، ئانام.
قاراپ قالدۇق كاماغا، ئانام، ئانام، ئانام،
يېتىم قالدۇق تالادا، ئانام، ئانام، ئانام.

بۇ قوشاقنى بىر كۆدەك بالىنىڭ ئۆز ئانىسى ئۆلگەندىكى پىسخىك روھى كەيپىياتى-ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. دەرۋەقە كىچىك بالىلاردا ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇقۇم غۇۋا بولىدۇ. ئۇلاردا ئايرىلىش ئازابىغا چوڭلارنىڭكىدەك ئۇنداق تەييارلىق يوق. يۇقىرىقى قوشاقتا دەل بالىلارنىڭ ئانىسى ئۆلگەن چاغدىكى پەيدا بولغان كەيپىيات ھالىتى، يەنى ئۆز ئانىسى ئۆلگەندە مېيىت ئۇزاتقۇچىلارغا بىغەم، ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرى چوڭلارنىڭ ھۆكرەپ يىغلىغىنىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان تۇيغۇ ئورتاقلىقىنى قوزغايدۇ. بۇ «ھازا قوشىقى» ھېسسىياتنى بىۋاسىتە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە بولغان. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ھېسسىيات كونكرېت، ئىنچىكە تەسۋىرلىنىپلا قالماستىن يەنە قوشاق ھەجىمىنىڭ قىسقا، مەزمۇنىنىڭ يىغىنچاق بولۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى «ھازا قوشىقى» بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئۇنىڭدا ئۇن نەچچە كۇبلېت قوشاق ئارقىلىقلا ئۆلۈم ھادىسىنىڭ پۈتكۈل جەريانى بايان قىلىنىپ بېرىلگەن ھېسسىياتمۇ ئىنچىكە يەرلىرىگىچە ئىپادىلەنگەن.

ھېسسىياتنى بىۋاسىتە ئىپادىلەش ئۇسۇلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلاردىمۇ قوللىنىلغان:

قىقىراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان نەيزە، ئورايلى.
قايناپ يەنە يومشايلى،
قاتتىق يىغا يومشىسۇن.

(1-توم 574-بەت)

ئەرلەر بۆرىدەك ھوۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىرىشىپ،
ئۇنىنىڭ بىرىچە چىرقىراپ، پەريات چېكىپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلەر.

(1-توم 255-بەت)

بۇمۇ ئىككى كۇپلېت «ھازا قوشىقى» بولۇپ، 1-كۇپلېتتا ئاپتور ئاتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ نەيزە، قالقاننى بولۇشىچە ئۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق قايغۇلۇق كەيپىياتنى ئىپادىلىسە، 2-كۇپلېتتا بۆرىدەك ھوۋلاش، ياقا يىرتىپ قاتتىق ھەسرەت چېكىشلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتىنى ئىزھار قىلغان قوشاقتىكى چوڭقۇر، مۇرەككەپ ھېسسىيات ۋە روھىي ھالەتلەرنى بىۋاسىتە ئىپادىلىگەن ئوبرازلىق ھەرىكەت كۆرۈنۈشلىرى بەكمۇ تەسىرلىك بولۇپ، ئۇنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشنىڭ نادىر ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، بىۋاسىتە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا توغرا، دەل، جانلىق تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق پىكىر، ھېسسىياتنى بىۋاسىتە تەسۋىرلەپ ئوبراز ياراتقان.

2) باشلىنىش مىسراسى ئىشلىتىش

خەلق قوشاقلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەلۇم ئىش، كىشى، ھادىسە ياكى مەنزىرىدىن ئىلھاملىنىشىدىن كېلىپ چىققان قاپىيەلىك ئەسەردۇر. باشلىنىش مىسراسى ئىشلىتىش دېگىنىمىز—كۆرگەن ياكى يادىغا كەلگەن ھادىسە، مەنزىرىنى قوشاقنىڭ باشلىنىش مىسراسى قىلىپ، ئاندىن ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىشتەك ئىجادىيەت ئۇسۇلىدۇر. باشلىنىش مىسراسى ئىشلىتىش ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تۈپكى شەكلى ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئىبارەت. مەنزىرە ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش خەلق قوشاقلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسىدۇر. ئابستراكت ھېسسىيات مەنزىرە بىلەن بىرلەشكەندە ئوبرازلىشىدۇ. بۇ مەنزىرىلەر ئاپتور سوبيېكتىپ ھېس قىلغان مەنزىرىلەر بولۇپ، كۆپ قىسمى ھېسسىيات تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. باشلىنىش مىسراسى قىلىنغان جۈملە بىزنىڭ باغلىما تەسەۋۋۇرىمىزنى قوزغاش ۋە تەپەككۇرىمىزنى يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. كونكرېتراق ئېيتقاندا، مەنزىرىدىن ھېسسىياتلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن:

ئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر،
ئاپئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر.
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ،
يارىم يۈرگەن كوچىلار.

بۇ قوشاقتىكى دەسلەپكى ئىككى مىسرا باشلىنىش مىسراسى بولۇپ، باش تېما، يەنى يارنىڭ ماڭغان يولىنى گۈلنىڭ خۇشپۇرىقىغا ئوخشىتىش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئەمما، بۇ باشلىنىش مىسراسى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنى قوزغاپ كۆز ئالدىمىزغا گۈزەل ئايدىڭ كېچىلەرنى كەلتۈرىدۇ. يەنى گۈزەل شېئىر مۇھىت يارىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا باشلىنىش مىسراسى قوشاقلارنىڭ 1-2-مىسراسىدا كېلىدۇ. باشلىنىش مىسراسى بىلەن كېيىندىكى مىسرالارنىڭ كۆپىنچە ئالاقىسى، باغلىنىش بار دېيىلگەنلىرىمۇ ئىچكى باغلىنىش بولۇپ، بىۋاسىتە كۆرۈۋېلىش تەس. ئەمما قوشاقلاردىكى باغلىنىش مىسراسى بىلەن كېيىندىكى مىسرالار جەزمەن قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قۇرغۇيۇم پالاقشىدۇ،
كىمنىڭ بېغىدا پاختەك؟
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرەك قالمىدى قاقتەك.

يۈزەكى قارىساق، بۇ قوشاقتىكى باشلىنىش مىسراسى بىلەن كېيىندىكى ئىپادىلىمەكچى بولغان تېمىنىڭ باغلىنىشى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئىنچىكىلىق بىلەن كۆزەتسەك، ئۇلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز، يەنى قۇرغۇي پاختەك ئۈچۈن دەرد چېكىپ ھېچ ھالى قالمىغانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى

باشلىنىش مىسراسى كۈچلۈك يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئېتىقادى ۋە مىللىي پسىخىكىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن:

ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنىڭ
بىر شېخى راۋاپ بولدى.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە
يۈرىكىم كاۋاپ بولدى.

دېمەك ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا باشلىنىش مىسراسىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوبيېكتىپتىن سوبيېكتىپقا، مەنزىرىدىن ھېسسىياتقا ئۆتۈش جەريانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. باشلىنىش مىسراسى قوشاقتىكى ھېسسىيات مەزمۇنىنى كۈچەيتكەن ۋە تولۇقلىغان شۇنداقلا مەنزىرىنى بىۋاسىتە سۆرەتلەپ، ئالاھىدە بىر شېئىرىي مۇھىت ياراتقان. بۇ مۇھىت قوشاقلاردىكى ئالاھىدە ئوبرازدۇر. مانا بۇلار قوشاقتىكى باشلىنىش مىسراسىنىڭ ئالاھىدە سېھرى كۈچىدۇر.

3) ئوخشىتىش

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋاسىتىلارنىڭ بىرى ئوخشىتىشتۇر.

ھەر قانداق بىر سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى مەنپەتدارلىق مۇددىئاسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئېستېمال مۇددىئاسىنى قانائەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئوخشىتىشنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ مەلۇم مەنپەئەتدارلىق مۇددىئاسى ۋە ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە. ئۇ تىل ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى قاناتلاندۇرىدۇ. توغرىدىن توغرا ئىپادىلەشكە بىئەپ بولغان مەزمۇنلارنى باشقىچە يول بىلەن ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ۋە قوشاقلارنى ئوبرازچانلىققا، جانلىقلىققا، چوڭقۇر مەزمۇندارلىققا ئىگە قىلىدۇ.

سەنئەت دەسلەپ پەيدا بولغاندا ئەمەلىي ئىشلىتىش مەقسىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ كېيىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى، يەنى ئېستېتىك قىممىتىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىغان. شۇندىن تارتىپ ئىنسانلار سەنئەتكە ئەمەلىي ئىشلىتىش نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئېستېتىك نۇقتىدىن باھا بېرىشكە ئېتىۋار بەرگەن. ئوخشىتىش بىر بىر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بولۇش سۈپىتى، بىلەن بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي ئىشلىتىش مەقسىتىگە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرگە ئېستېتىك لەززەت بېغىشلايدۇ.

ئوخشىتىشنىڭ خەلق قوشاقلىرىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بولۇپ قېلىشىنى قوشاقلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قوشاقلارنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى ئابستراكتنى ھېسسىيات. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئوخشىغۇچىلارنى تېپىپ شۇ ئارقىلىق ھېسسىياتنى كونكرېت شەيئىلەر ئۈستىگە يۈكلەپ مەلۇم شەكىل ۋە كونكرېتلىققا ئىگە قىلىش زۆرۈر. شۇنداقلا سىيوژىتلىق قوشاقلاردا كونكرېت ھېكايە سىيوژىتى ئوبراز ۋە ۋەقەلەرنى بىر قەدەر رەتلىك ۋە رېتىمدارلىققا ئىگە بولغان شېئىرىي مىسرالار ئىچىدە ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوخشىتىشلاردىن پايدىلىنىلغان، يەنى ئۈزۈندىن ئۈزۈن مەزمۇنلار ئاددىي ۋە ماس ھالدىكى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق جانلىق، ئىخچام ئىپادىلەپ چىقىلغان. مەسىلەن:

ئاتالىقلار، ئانالىقلار
دەستە-دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىملەرنىڭ ھالى، ھەسرىتى بۇ خەلق قوشىقىدا پەقەت تۆت مىسرا ئارقىلىقلا چوڭقۇر ھەم ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

كىشىلەر كۆپىنچە تىلنىڭ ئىپادىلەش

ئېتىقادلىرىنى چەكسىز دەپ قارايدۇ، ئەمما بىر كونكرېت سۆزگە نىسبەتەن ئۇنىڭ مەنىسى چەكلىكتۇر. مەسىلەن، «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ پەقەت بىر خىل ھېسسىيات ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، بۇ مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى، خىلى قاتارلىقلارنى بىر ئېغىز سۆز ئارقىلىقلا ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرگىلى بولمايدۇ. مانا بۇ خىل ئەھۋال مۇھەببەت قوشاقلىرىدا چەكسىز، رەڭگارەڭ ئوخشىتىشلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەپ بولغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن مەزگىللىك ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قارىشى، بەدىئىي ھەۋىسى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن نۇرغۇن گۈزەل ئوخشىتىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن:

بۇندا بۇلاق قايىنىغاندەك
يارىمنىڭ كۆزى.
قەنۇ-ناۋات چايىنىغاندەك
شېرىندۇر سۆزى.

گۈل ئېكەنمۇ گۈل ئېكەن،
رەنا، رەيھان گۈل ئېكەن.
قامىتى تاغدىن گۈزەل،
ئۆزى شوخ بۇلبۇل ئېكەن.

خەلق ئارىسىدىكى بەزى ئېتىقاد ھادىسىلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى تەسۋىرى ۋاسىتىلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان. قوشاقلاردا يۇلتۇز، چولپان، قۇياش، ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى گۈزەللىك، ياخشىلىق ۋە بەخت-سائادەتنىڭ سىموۋۇلى بولۇپ كەلگەن. بۇ كۆككە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى گۈزەل ئوخشىتىشلارنى ئىشلەتكەنلىكتىن بەدىئىلىك جەھەتتە جانلىق، رەڭگا-رەڭ، ئوبرازلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ سەۋەپتىن بەزىلەر ئوخشىتىشلارنى «خەلق قوشاقلىرىنىڭ قانىتى» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

4) مۇبالىغە.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئوبرازلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ھالەت، خاراكتېر، سان جەھەتلەردىن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئەسەرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغان. مۇبالىغە تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ سەنئەتتىكى ئالاھىدە بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇ تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ يۈكسەك بىرلىكىدۇر. خەلق قوشاقلىرىدا قوللىنىلغان مۇبالىغە بىلەن يازما ئەدەبىياتتا قوللىنىلغان مۇبالىغە بىر-بىرىدىن قىسمەن پەرقلىنىدۇ. يازما ئەدەبىياتتىكى مۇبالىغە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن ئاپتورنىڭ كۈچلۈك تەسەۋۋۇر تەسىراتىنىڭ دىيالېكتىكىلىق پىرىنسىپىغا تايىنىدۇ. يەنى قوللىنىلغان مۇبالىغە ئوبيېكتىپ رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بولسا رېئاللىق ئاساسىدا مۇبالىغە قىلىش بىلەن بىرگە يەنە رېئاللىقتىن چەتنەپ مۇبالىغە قىلىشتەك مۇبالىغە ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

دەرد-ئەلەملەر كېلىدۇ
ئوغۇل بالانىڭ باشىگە.
سايدا تۈگمەن چۆگىلەيدۇ
كۆزدىن ئاققان ياشىگە.

ئوت كۆيەدۇر ئىچىمدە،
دەردنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.

يارىمنى كەلدى دېسە،
يۈگرەپ چىقاي باشىم بىلەن.

يارىم يۈرگەن كوچىغا
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

يارىم چىقتى كۆل بېشىغا،
چار ياغلىق چىگىپ بېشىغا.
چۆگۈنىگە سۇنى ئالماي،
توشقۇزۇپتۇ كۆز يېشىغا.

يۇقىرىقى تۆت كۇبلېت قوشاقتا ياش تۇغرىلىق مۇبالىغە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى خەلق قوشاقلىرىدىكى مۇبالىغىنىڭ نادىر ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە بۇ مۇبالىغىلەر تۇرمۇش رېئاللىقىدىن چەتنىگەن ياكى تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلمىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتى ئارىلاشقا بولغاچقا، ئۇنى خەلقنىڭ ھېسسىياتى قوبۇل قىلالايدۇ ۋە بۇ مۇبالىغىلەردىن قىلچە گۇمانلىنىش ھېس قىلمايدۇ. بەزىدە مۇبالىغە قانچە كۈچلۈك، زىيادە بولسا خەلقنىڭ ھېسسىيات تەلىپىگە شۇنچە ئۇيغۇنلىشىدۇ. خەلق قوشاقلىرىدىكى ھەر بىر مۇبالىغىدىن ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن خەلق قوشاقلىرىدىكى مۇبالىغە كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئەپلىك بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر.

5) سىپلىشتۇرۇش.

دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى قارمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار زىددىيەت ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى «دىئالېكتىكا» دېگەن بۇ سۆزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمىسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. ئۇلار خەلق قوشاقلىرىدا گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئالىجاناپلىق بىلەن پەسكەشلىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئېزىش بىلەن ئېزىلىش، خوشاللىق بىلەن قايغۇ قاتارلىقلارنى جانلىق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ۋە مۇھەببەت-نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپمۇ سىياسىي قوشاقلار بىلەن تۇرمۇش قوشاقلىرىدا كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

مىراپلار مىنەر تايغا،
سۇنى ياقىلار بايغا.
كەمبەغەللەر سۇ دېسە،
بېشىنى تىقار لايغا.

باينىڭ قىزى ئايسارە،
ئىتى بىلەن ئاۋارە.
كەمبەغەلنىڭ باللىرى،
ئاچلىقتىن قىلار نالە.

يۇقىرىقى قوشاقتا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق كۈچلۈك سىنىپى قارا-قارشىلىق ئىپادىلەنگەن.

خەلق قوشاقلىرىدىكى سېلىشتۇرۇش ھېسسىيات سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى گۈزەل سېلىشتۇرمىلار خەلق قوشاقلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلار رەڭگا-رەڭ ۋە خىلمۇ-خىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىز بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىرىمىز پەقەت ئۇنىڭ مۇھىم ۋە ئاساسلىق تۈرلىرىدۇر. بۇ ۋاستىلار خەلق قوشاقلىرىدا يەككە-يېگانە ئەمەس، بەلكى بىرىككەن ھالەتتە كەلگەن. بۇ گۈزەل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلار قوشاقلارنى كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلغان، ھېسسىياتنى كۈچلەندۈرگەن ۋە نازۇك ھېسسىياتلارنى نەق، جانلىق ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، شۇنداقلا كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلىغان. ئەنە شۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن قوشاقلارنى بەدىئىي گۈزەللىككە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى بەدىئىي گۈزەللىك مەزمۇن گۈزەللىكى بىلەن شەكىل گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىلدىن تەركىب تاپقان. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ چىن، ساپ ھېسسىيات مەزمۇنى بىلەن گۈزەل شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي سېھرى كۈچكە ئىگە قىلغان.

# فارابى

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابى ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 259-يىلى (مىلادىنىڭ 870-71-يىللىرى) سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىنىڭ ۋاسىچ ھەربى قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 933-يىلى (مىلادىينىڭ 950-951-يىللىرى) ماھى رەجەپ ئېيىدا (12-ئايدا) سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ تەخمىنەن 80 ياش ئۆمۈر كۆردى.

فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېتى مۇھەممەت فارابى دەپ ئاتىلىدۇ.

فارابى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى نەسەب جەھەتتىن توققۇز ئوغۇزنىڭ قارلۇق تۈركلىرى تۈركۈمىگە مەنسۇپ. مەلۇمكى، قارلۇقلار قەدىمقي ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى توققۇز ئوغۇز (توققۇز ئۇيغۇر، توققۇز شوز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، مەشھۇر قاراخانلار خانلىقىنى قۇرغۇچى ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

فارابىنىڭ جاھانغا مەشھۇر 160 پارچىدىن ئارتۇق مول ئىلمىي مىراسلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ مۇزىكاشۇناسلىققا ئائىت تۆھپىلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. موللائىسمەتۇللابىننى موللانىمەتۇللامۆجىزى ئۆزىنىڭ ھىجرى 1271-يىلى (مىلادى 1854-1855-يىلى) يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «مۇزىكىنىڭ ئۈچىنچى پىرى ئالتاينىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابىدۇر...»، «ئۇ جۈملىدىن، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەن ئىدى، قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى. راك، ئۇششاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇششاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۇزھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغان ئىدى. ‹رىسالەئى مۇغەننىيۇن› (سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا ‹مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنسانىنىڭ روھىغا مەنىۋىي ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ› دەپ ئېيتقان» ۋە يەنە «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر①» دېگەن.

ئابدۇراخمان جامى «رىسالەن مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە فارابىنى مۇزىكاشۇناسلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنگلىز ئالىمى گ. فارمىزنىڭ «XIII ئەسىرگىچە بولغان ئەرەب مۇزىكا تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا ۋە «فارابىنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى مۇزىكىغا ئائىت ئەسەرلەرگە تەسىرى» توغرىسىدىكى ماقالىلىرىدا، ئى. بېيخرەتنىڭ نېمىس تىلىدا

① مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 188-يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 53-بەت.

چىققان «فارابى تەلىماتىدا مۇزىكا ئىلمى» ناملىق ئەسىرىدە، فىرانسۇز شەرقشۇناسى ف. ئېرلەنجىنىڭ «ئەرەب مۇزىكىسى، ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تارىخى» (بۇ ئەسەردە فارابىنىڭ «ئەل مۇسىقى ئەل كەبىر» ناملىق ئەسىرىنىڭ فىرانسۇزچە تەرجىمىسىمۇ بېرىلگەن) دېگەن ئەسىرىدە، ھەمدە پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى م. خەيروللايوۋنىڭ «فارابى» ناملىق ئەسەرلىرىدە فارابىنىڭ مۇزىكا ئىجادى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

ھەقىقەتەن، فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ مىسلىسىز ئۇلۇغ مۇزىكا نەزىرىيىچىسى ۋە كامالەتكە يەتكەن ئەڭ ئۇستا سازەندىسى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە يېقىن شەرقتە ئىسلام-تۈرك مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك ئەربابى سۈپىتىدە جاھانغا تونۇلدى.

فارابىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى نەزىرىيىۋى ئەسەرلىرىدىن مەشھۇرلىرى «كىتاب ئەل مۇسىقى كەبىر» (بۈيۈك مۇزىكا كىتابى)، «كالام فى-ئۇل مۇسىقى» (مۇزىكا ھەققىدە سۆز)، «كىتاب فى ئىخسائەل ئىبكا» (كۈيلەر تەسنىفى ھەققىدە كىتاب)، «كىتاب فى. ن نەقرا مۇزافە ئىلال ئىبكا» (رېتىمگە قوشۇمچە قىلىنىدىغا سىلجىشلار ھەققىدە كىتاب) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ «كىتاب فى ئىخسائۇل ئۇلۇم» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇزىكىغا باغلىنىشلىق مەخسۇس بابلار بار.

فارابىنىڭ «كىتاب ئەل مۇسىقى كەبىر» ناملىق كىتابى مۇزىكا نەزىرىيىسى ساھەسىدە ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ مۇندەرىجىسى ھەققىدە فارابى تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «بىرىنچى قىسىمدا مۇزىكا ئۇسۇلىنى تېپىشقا قوللانما بولغۇچى مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆز ۋۇمنىڭ مەخسۇس پىكرىمنى باشقىلارنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئارىلاشتۇرماستىن بايان قىلدىم. ئىككىنچى قىسىمدا مەشھۇر نەزىرىيىچىلەرنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى ئېيتىپ ئۆتۈپ، بۇ ھەقتە ئۇچۇق بولمىغان نەرسىلەرنى زىكىر ئەتتىم ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ مۇزىكا بابىدىكى دەرىجە ھىسلىرىنى ئېنىقلىدىم، ھەمدە خاتالىرىنى تۈزەتتىم» ①. قىسقىسى، ئاكادېمىك غوپۇروۋ بىلەن قاسىمجانوۋنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، «ئەلفارابى ئۆز ئالدىغا مۇزىكىنى ئۇنىڭ پۈتۈن مەسىلىلىرى بويىچە تەلتۆكۈس تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قويغان ۋە بۇنى ئورۇنلاپ، مۇزىكىنى تارىختا تۇنجى قېتىم بىر سىستېمىغا سالغان» ②.

فارابى بۇ دەۋردە يەنە مۇزىكا ئورۇنلاش سەنئىتى ۋە چالغۇ قوراللىرىنى يېڭىلاش، كەشىپ قىلىش جەھەتلەردىمۇ چوڭ شۆھرەت قازانغان. «زەينەتول مەجالى» ناملىق ئەسەردە سەيپۇل دەۋلە ۋەزىرى ساھىب ئابباد بېغدا بولغان زىياپەتتە فارابىنىڭ سازەندىچىلىك ماھارىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ھېكايە قىلىنىدۇ: «...شۇندا ئۇ (فارابى) يېنىدىن بىر چالغۇ ئەسۋابىنى ئېلىپتۇ. بۇ ئەسۋابنى فارابى ئۆزى كەشىپ ئەتكەن بولۇپ، كۆرۈنۈشى كىچىك قاپاقتا ئوخشاپ كېتەر ئىكەن ۋە «گىپچەك» دەپ ئاتىلار ئىكەن. فارابى ئاشۇ چالغۇدا كۈينىڭ بىرىنچى قىسمىنى چالغاندا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشۇپتۇ ۋە خۇشاللىقتىن كۈلۈشۈپتۇ. كۈينىڭ ئىككىنچى قىسمى ئاڭلىغۇچىلارنى

---

① «ئۆزبېك تىياتىرى» 1975-يىل، ئۆزبېكىستان «پەن نەشرىياتى» ئۆزبېكچە، 208-بەت.

② ب. غوپۇروۋ، ئا. قاسىم جانوۋ «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى»، 121-بەت

يىغلىتىپتۇ. ئۇلار كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈرلەپ تۆكۈپتۇ. ئۈچىنچى قىسمى چېلىنغاندا بولسا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھاياجانغا چۈشۈپتۇ-دە، كېيىن بىھوش بولۇپ ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ» .①

فارابى ئۆز ھاياتىدا كۆپلىگەن مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئىجاد قىلغانلىقى مەلۇم. قىلىپ ھېتتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇنىڭ بەزى مۇزىكىلىق ئاھاڭلىرىنى مەۋلەۋىي (تەسەۋۋۇپ) ئىقمىدىكىلەر ئارىسىدىن ھېلىمۇ تېپىش مۇمكىن. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئىسلام — تۈرك مۇزىكىسىدىكى 9 كۈينى كۆپەيتىپ 17گە يەتكۈزگەنلىكى مەلۇم.②

تارىخي مەنبەلەردە ئۇنىڭ قالۇن، گىجەك (غىججەك)، ئۇد چالغۇلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ياسىغانلىقى بىردەك قەيت قىلىنغان.

فارابىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ يېتىلىشىدە مۇنداق بىرقانچە ئامىللار ئاساس بولغان:

بىرىنچى، فارابى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مۇزىكىچىلىقىنىڭ نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئۇتۇقلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. بىزگە مەلۇمكى، ئەلفارابىدىن ئىلگىرى كۇچا، قومۇل رايونلىرىدا «ماقادور» مۇقامى بولغان. بۇ مۇقامنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە غەربىي دىيارنى ساياھەت قىلغان جاڭ چيەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرغان. ئەنە شۇ دەۋردىلا كۇچا، قومۇل، سۇلى ۋە ئۇدۇن نەغمىلىرى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى سۈيىتىدە سۈي سولالىسى ۋاقتىدىكى كۇچالىق مەشھۇر مۇزىكا ماھىرى سوجوب، ئاقارى ماندا قاتارلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى 12 تېمپىراتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى دۇنياغا مەشھۇر بولغان. فارابى ئەنە شۇ ئەجدادلىرىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى مىللىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئىسلامىيەت روھى بىلەن سۇغۇرۇپ يېڭىلىغان. شۇنىڭ بىلەن فارابى ياشىغان دەۋرلەرگە كەلگەندە تەمبۇر، راۋاب، كۇس ناغرا، قوبۇز، تەبىل، زىر، تەي، چاغانە، سۇناي، كارناي، ئارغونۇن، گىججەك، ئۇد، قالون قاتارلىق تارىلىق، سوقما ۋە پۈۋلىمە چالغۇ ئەسۋابلىرى كەڭ تارقىلىپ، «راست»، «خوسرەۋىي»، «بودا» (بادە)، «ئۇششلىق»، «زىرەفكەندە»، «بوسلىك»، «ئىسپھان»، «ناۋا»، «بەستە»، «تارانە» قاتارلىق كۆپ كۈيلەر ئىجاد قىلىنىپ، ئون ئىككى مۇقام تېخىمۇ تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.③ مانا بۇنداق شارائىتلار فارابىنىڭ مۇزىكىلىق ھېسسىياتى ۋە مۇزىكىلىق تەپەككۇرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىككىنچى، فارابى 30 ياشتىن ھالقىغاندا ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ باغداتقا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ باغداتتا پۈتۈن ئوتتۇرا شەرق مۇزىكىلىرىنىڭ يارقىن ئۇتۇقلىرى ھەمدە قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋە ئەل كىندىنىڭ (800-850) مۇزىكىلىق كۆز قاراشلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇزىكا تەپەككۇرى تېخىمۇ قاناتلانغان.

ئۈچىنچى، فارابىنىڭ ئاساسلىق ئەمگىكى بولغان پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ئېھتىياجى ئۇنىڭ مۇزىكىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەقەززا قىلغان. ئەينى زاماندا (ئوتتۇرا ئەسىردە) مۇزىكا ئىلمى تەبىئەت ئىلمىنىڭ، بولۇپمۇ ماتېماتىكا، فىزىكىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارالغاچقا، ئالىم ۋە پەيلاسوپ بولۇش ئۈچۈن مۇزىكا تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش زورور شەرت ھېسابلىناتتى. ئەنە شۇ يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ شەرت-شارائىت ۋە ئېھتىياجلار فارابىنىڭ ئۆز دەۋرىدە مىسلىسىز ئۇلۇغ مۇزىكاشۇناس بولۇپ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر.

رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان

---

① «ئۆزبېك تىياترى»، تاشكەنت، «فەن نەشرىياتى»، 1975-يىل، 207-بەت.

② ئا. مەتتىمىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى، 289-، 290-بەتلەر.

③ ن. موللايوۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، 94-بەت.

# ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا

ئەلفارابىنىڭ شاگىرتى ئىنسكىلوپېدىك ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مىلادى 980-يىلى بۇرۇنقى سامانىلار سۇلالىسى (مىلادى 875-999-يىللىرى) نىڭ پايتەختى بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا ئەسلى بەلىخلىق بولۇپ، بۇخاراغا كىلىپ ياشىغان ئىدى. ئۇ دۆلەتمەن ۋە مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇپ، سامانىلار خانلىقىنىڭ كىچىك ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى. مىلادى 999-يىلى قاراخانىلار سۇلالىسى سامانىلار سۇلالىسىنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن ئىبنى سىنا بۇخارا، ئۇرگەنچ قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە ئىراندىكى ئىسپاھان، ھەمەدان قاتارلىق جايلاردا تىبابەتچىلىك، فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە پەنلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن»، «كىتابۇلشىفا» (شىپالىق كىتابى)، «دانىشنامە»، «رىسالە فى ئەل مۇسىقى غەيرمۇفى ئەل شىفا» (مۇزىكا توغرىسىدا «شىفا»دا بېرىلگەندىن باشقا رىسالە) قاتارلىق ئەسەرلىرى پۈتۈن شەرق ئەللىرى تىبابەتچىلىكى ۋە مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئاساسىنى ئورنىتىش بىلەن بىللە دۇنيا تىبابەتچىلىكى ۋە مۇزىكىچىلىقىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىبنى سىنا مىلادى 1037-يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تۆھپىسى مۇقاملارنىڭ «ئىسلام شەرق تىپى»، يەنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي تىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكىغا دائىر مۇلاھىزىلىرى «كىتابۇلشىفا» ئەسىرىگە ئالاھىدە بىر قىسىم قىلىپ كىرگۈزۈلگەن، ئۇنى جۇزجانى پارىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ «دانىشنامە» ناملىق ئەسىرىگە قوشۇپ ئېلان قىلغان. ئىبنى سىنا يەنە مۇزىكا ھەققىدە «كىتابۇننـجات» ناملىق ئەسەر يازغان بولۇپ، 1931-يىلى ئەرەب ئالىمى مەھمۇد ئەل خەۋفىنىڭ ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ھەققىدە يازغان مەشھۇر كىتابى ئىچىدە نېمىس تىلىدا ئېلان قىلىنغان.

فارابىنىڭ شاگىرتى بولغان بوخارادا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىدىن بىۋاسىتە ئوزۇقلانغان مۇتەپەككۇر ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ يوقۇرىقى ئەسەرلىرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ 12 مۆچەل قارىشى، سوجۇپ ۋەكىللىكىدىكى 12 ئىمپېراتىسيەلىك كۆي قانۇنى، بابىلون-سومېر مەدەنىيىتىدىكى 12 بۇرجلۇق مۇقەددەس قارىشى ئەنئەنىلىرى ۋە ئىلگىرىكى شەرق ناخشا-مۇزىكىلىرىدىكى ئون ئىككى تۈركۈملۈك كۆي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئون ئىككى تۈركۈملۈك (موقاملىق) كۆي شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھەمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆيشۇناسلىقىدىكى مۇزىكىلىق ئاكۇستىكا، ئىنتېرۋال، رىتىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى بەرگەن. ئىبنى سىنا ئوتتۇرىغا قويغان 12 كۆي شەكلى مۇنداق:

1. رەھاۋى، 2. ھۇسەينى، 3. راست، 4. ھىجاز، 5. ئابۇچەشمە، 6. بۇزرۇك، 7. ئىراق، 8. ئىسپاھان، 9. ناۋا، 10. ئۇششاق، 11. زەنگۇلە، 12. سەلىقە

لېكىن، بۇ ناملار ئەينى ۋاقىتتا يۈرۈشلەشكەن كۆيلەر سىكلىنى ئاڭلاتماستىن، كۆيلەرنىڭ ئاكوستىكىلىق ئورۇنلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

ئىبنى سىنانىڭ ئەنەنىشۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئاساسىدا ئەزەربەيجاندا ياشىغان مۇزىكاشۇناس سەيفىددىن ئابدۇلموئمىن ئىبنى يۇسۇف ئەل ئۇرماۋى (مىلادى 1216-1294-يىللار) «كىتاب ئەل-ئەدۋار» (دائىرلار توغرىسىدا كىتاب) دېگەن ئەسىرىدە كۆيلەرنىڭ 12 دائىرە بويىچە شەكىللىنىش قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ، «مۇقام» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان

## «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ 12 كىتابىنىڭ تۇنجى نەشردىن چىقىش ۋە تارقىتىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان بىباھا گۆھەر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خەلقئارالىق نوتىسى، رەتلەنگەن تېكىستلىرى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى كىتابىنىڭ تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوند ھەيئىتى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن كېيىن «كۈنلۈن» مېھمانخانىسىنىڭ زالىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىدىن ھامىدىن نىياز، خەلچەم ئىسلام، ئابدۇرېھىم ھامۇت، يۈسۈپ مۇھەممىدى، خۇجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە غاپپار، يۈسۈپ ئەيسا، فىڭ داجىن، ئىبراھىم روزى، پاشا ئىشان قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىنغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى مەتىمىن يۈسۈپ رىياسەتچىلىك قىلدى.

فوند ھەيئىتىنىڭ باش مۇدىرى مەھەممەت ئىسمايىل يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ۋە 1994-يىللىق ۋەزىپىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋىيۇەنجاڭى تۆمۈر داۋامەتنىڭ يىغىنغا ئەۋەتكەن يازما سۆزىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى فىڭ داجىنلارمۇ سۆز قىلدى.

يىغىندا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش، ئون ئىككى مۇقام كىتابىنى نەشرگە تەييارلاشتا جاپالىق ئەجىر سىڭدۇرۇپ ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان 15 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئىشلەشتە كۆرۈنەرلىك ئەجىر سىڭدۈرگەن 11 نەپەر سەنئەت خادىمى ۋە ئون ئىككى مۇقام ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات فوندىغا پۇل ئىئانە قىلىپ، 12 كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان، مەدەت بەرگەن 48 ئورۇن ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەقدىرلەندى. ئۈرۈمچى ۋە خوتەن شەھەرلىرىدىكى بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى ۋە كارخانا ۋەكىللىرى زور مەيدانىدا 70 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلىپ، 400 دىن ئارتۇق يىغىن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

يىغىن ئاخىرىدا بىر قىسىم ئاتاقلىق مۇقامچىلار ۋە سەنئەتچىلەر مۇقاملاردىن پارچىلارنى ئورۇنلىدى.

— ئۆز مۇخبىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


# 美拉斯

1994 年第二期 （季刊）

（总第 32 期） 每季中月 20 日出版发行


## 主要目录 Contents


对宝石怎么办？（迷语故事）……………………cai 采录者：瓦依提江·乌斯满（26）
What to do for diomand ……………………collector: Wayitzhan Osman
自以为是的比那日……………………采录者：吐热娜克孜·阿布都热合曼（32）
Binar regards himsef us infallible …………… collector: Turankiz Abdurahman
三个秃子……………………………………采录者：买买提吐尔逊·贾帕尔（43）
Three baldhead ………………………… collector: Muahmat Tursun Jiapar
国王阿扎地米克力和公主孜芭齐克丽与赛依提·依孜木凯西的故事…………
…………………………………………采录者：尼米吐拉·艾拜都拉（67）
Story abaut King Azat Miri and princess Zhbaqhri and Sait Izim Kash ………
…………………………………………… collector: Nimtula Ebaidula
情歌……………………………………采录者：梅。斯玛义，阿。阿布都热合曼（46）
LoVe songs …………………………… collector: M·zsmal A. Abdurahman
萨迪克台塔拉……………………………………采录者：买买提明·库尔班（30）
Sadik Tuitalle ……………………………collector: memhtumun Kurban
奖励与怒罚的传说……………………采录者：阿布都克里木·艾合米地（42）
Astory abaut award and punishment legends ……………………A. ahmadi
几则传说……………………………………………………………………（63）
Legends………………………………………………………………………
谚语几则……………………………………………………………………（60）
Proverbs………………………………………………………………………
买特斯迪克·买特热依木笑说………… 采录者：米·斯玛义 阿·克力木（49）
Jokes of Metshdhk. Metriyum ………… collector: M. Ismayhl A. khrem
维吾尔历史上的埋葬礼仪初探……………………………库尔班·尼亚孜（51）
On Uyghur historical funeral rites ……………………… Kurban Niyaz
维吾尔歌谣中的艺术美初探……………………………热依拉·达吾提（77）
On artistic aesthetics of Uyghur Folk songs …………… Rahile Dawut
法拉比……………………………………………………采录者：阿·热合曼（89）
Farabi ……………………………………… collector: A. Rahman
伟大的学者艾布艾力·依布尼斯那……………………整理者：阿·热合曼（92）
Outstanding sholar Ebuo. Eli. Ibin Sina ………………… collator: A. rahman

## ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ 12 كىتابى نەشىردىن چىقتى

فاڭ ۋېجۈن فوتوسى










مىراس

1994-يىل 2-سان (ئومۇمىي 32-سان)

Ho... ...gur Folk Leterature (Quarterly) 美拉斯 (维吾尔文)

« مىراس » ژۇرنىلى ئەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئىتىپاق يولى 8-قورۇ. تېلېفون: 266174 ... كۆكتۇر »

ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ... ىلاردىكى

پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1130/1 ... ISS.

ۋەكالەت نومۇرى: 60—58. باھاسى: 2.00 يۈەن

编辑 ... 出版：新疆维吾尔自治、维吾尔十二木卡姆研究学会、新疆维吾尔自治区民间文艺家协会（乌市团

结路 ... 排版：«魁科揶尔»电子排版中心。印刷：乌市印刷厂　发行：乌鲁木齐市邮局　订阅：全国各

地邮 ... -1130/1 国外统一刊号：ISSN1004-3829 邮编：830001　刊号 58-60　定价：2.00元